مەملىكەت بويىچە 100 ئوقتىلىق ژورنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژورنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژورنال



MIRAS HERITAGE OF UYGHUR FOLK CULTURE

# ميراس

3
2014
美拉斯

ISSN 1004-3829
06>
9 771004 382027



## ئۇستاز مۇھەررىر، داڭلىق ژۇرنالىست، شائىر ئابلىمت سادىق ئەپەندىنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

ئابلىمت سادىق 1941-يىلى 6-ئاينىڭ 15-كۈنى غۇلجا شەھەرىدە تۇغۇلغان.

1948-يىلدىن 1955-يىلغىچە باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان.

1955-يىلدىن 1958-يىلغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل-ئەدەبىيات فاكولتېتىدا ئوقۇغان.

1983-يىلدىن 1985-يىلغىچە مەركىزى پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان.

1958-يىلدىن 2002-يىلغىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە ئىشلىگەن.

1958-يىلدىن 1989-يىلغىچە «تارىم» ژۇرنىلىدا مۇھەررىر، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر، باش مۇھەررىر، 1989-يىلدىن 2002-يىلغىچە شىنجاڭ خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، 1990-يىلدىن 1999-يىلغىچە قوشۇمچە «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، 1997-يىلدىن 2002-يىلغىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان، ئالىي مۇھەررىر.

2002-يىلى پېنسىيەگە چىققان.

ئۇ هازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

ئۇنىڭ 1952-يىلدىن تارتىپ گېزىت، ژۇرناللاردا شېئىرلىرى ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان. 1980-يىلى «دوستلار بەزمىسىگە مۇخەممەس» ناملىق شېئىرى ئاپتونوم رايون بويىچە 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

1979-ۋە 1982-يىللىرى نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» ناملىق ئىككى كىتابى ئاپتونوم رايون بويىچە شەرەپ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئۇ بىر ئۆمۈر ئەدەبىي تەھرىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا «تارىم» ۋە «مىراس» ژۇرناللىرىنىڭ تەرەققىياتى، شۇنداقلا تالانتلىق ياش ئەدىبلەر ۋە مۇھەررىرلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرگەن. 1988-يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر ئەدەبىي مۇھەررىر» بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلانغان.

ئۇ جۇڭگو خەلق ئەدەبىياتى توپلاملىرىنىڭ شىنجاڭ توملىرىنى ئىشلەش خىزمىتىنىڭ يېتەكچىلىك ئىشلىرىغا قاتنىشىپ، بۇ خىزمەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىنىشىغا ئالاھىدە كۆچ چىقارغانلىقى ئۈچۈن 1990-يىلى مەملىكەتلىك سەنئەت، ئىلىم-پەن لايىھەلەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە جۇڭگو خەلق ئەدەبىياتى توپلاملىرى باش تەھرىر ھەيئىتى تەرىپىدىن جۇڭگو خەلق ئەدەبىياتى توپلاملىرى خىزمىتى بويىچە «ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ تەقدىرلەنگەن.

2005-يىلى نەشر قىلىنغان «جۇڭگو خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»نىڭ نەسرىي ئەسەرلەر قىسمىنى نەشرگە تەييارلىغان.












قوش ئايلىق ژۇرنال

2014 - يىل 3 - سان

(ئومۇمىي 143 - سان)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

مەدەنىيەتلىك بولۇشتىن ئەخلاق، ئېتىقاد، پۇل ۋە ئېزگۈلۈككە قەدەر ......
........................ ماخمۇت زەيدى (1)

جامىس فرازېر ۋە ئۇنىڭ «ئالتۇن شاخ» ناملىق ئەسىرى ..............
........................ ئابدۇقەييۇم مىجىت (55)

## دەۋر ۋە ئەنئەنە

مەدەنىيەت ئۇقۇمىنى توغرا ئىستېمال قىلىپ، ئىلغار مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ
رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرايلى ............ ماھنۇر ھاجىياقۇپ ئانات (6)

## ساقلىقىڭ شاھلىقىڭ

خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى پەردازچىلىق مەدەنىيىتى ۋە سالامەتلىك .........
........................ قۇربانجان ئوبۇل (13)

## گۈزەللىك ئوندۇر، توققۇزى توندۇر

ئۇيغۇر خەلق مۇھەببەت قوشاقلىرىدا ئەكس ئەتكەن گۈزەللىك قاراشلىرى
توغرىسىدا ........................ مۇھەررەم مىرئابدۇللا (19)

## يىلتىزسىز دەرەخ بولماس

لۇكچۈن بازىرىدىكى بىر قىسىم رىۋايەتلىك يەر-جاي ناملىرى ..........
........................ ياقۇپ ئىسمائىل قۇرۇلچى (23)

## ئادەت قېرىماس

بوۋاقلارنى ئېغىزلاندۇرۇش ئادىتى ........ مۇھەممەدتۇرسۇن ھەسەن (25)

نەشرىيات باشلىقى، باش مۇھەررىر:
**ئازاد سۇلتان** (پىروفېسسور، دوكتور يېتەكچىسى)
مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**
(قانۇنىي ۋەكىل، ئالىي مۇھەررىر)
جاۋابكار مۇھەررىر: **نۇرنىسا باقى**
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)
مۇھەررىرلەر: **نۇرنىسا باقى**
**خۇرسەنئاي مەمتىمىن**
**ئەزىزەم تۇيغۇن**

**باشقۇرغۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
**نەشر قىلغۇچى:** «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر، 14 - قەۋەت
Tel: (0991) 4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65 - 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58
پوچتا نومۇرى: 830001
E_mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040
باھاسى 6.00 يۈەن
جۈپ ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

# مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!

سېرىق قۇلاقلار ھەققىدە ........................ ئابدۇغېنى توختى (27)
«ئىسرىق سېلىش» ئادىتىمىزنىڭ ھاياتلىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ...
........................ ئېلىجان ئىسمائىل (67)
كۇچا ئات ئويۇنى ........................ قۇربانجان ئابلىكىم ئىمىن (72)
ئۇيغۇرلاردا ئوچاق مەدەنىيىتى ........................ ئابدۇغېنى تۇر (73)

## ئايدىڭ كېچىلەر

قەلەمدەك قاشلىرىڭ، ئايدەك جامالىڭ ........................ (35)

## ئەجداد مىراسى — ئەۋلاد جۇلاسى

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىكى تىككۈچىلىككە ئائىت ئاتالغۇلارغا شەرھ
........................ مامۇت قۇربان (38)

## بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا!

تاجى پاشا بىلەن زورا خېنىم ........................ مۇختار مۇھەممەد (46)

## ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا

خاتۇشا (خىتىم شەھىرى) ........................ مېھرىگۈل قادىر تەرجىمىسى (52)

بۇ يىل «مىراس» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىغا 31 يىل بولدى. بۇ مۇبارەك ژۇرنال ئۆزىنىڭ 31 يىللىق شانلىق تارىخىدا 143 سان نەشر قىلىندى، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ ھەر بىر سانى، ھەر بىر پارچىسى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق تارىخىدىن، ئەنئەنىلىرىمىزدىن، ئېسىل ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزدىن دەۋرىمىزگە مول ۋە قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى تەقدىم قىلدى. «مىراس» ژۇرنىلى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق نامايەندىلىرىدىن تۈزۈلگەن گۈزەل مەنىۋى گۈلىستان!

بىز ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 31 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ژۇرنىلىمىزنى سۆيۈپ ئوقۇپ كېلىۋاتقان ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز!

ژۇرنىلىمىزنى ئېسىل ئەمگەك نەتىجىلىرى بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان ئاپتورلىرىمىزغا چىن قەلبىمىزدىن تەشەككۈر ئېيتىمىز!

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەزىزەم تۇيغۇن
تەكلىپلىك كوررېكتور: مۇنىرە مۆمىن
كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر تىلىۋالدى، مەريەمگۈل ئىدرىس
مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: «ئۇيغۇر قىزى» ئىلنۇر سەمەت سىزغان
مۇقاۋىنىڭ 4-بېتىدە: ھۆسنىخەت قاينام جاپپار يازغان

Chief editor: Azad Sultan
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Nurnisa Baki

保护文化遗产
捍卫精神家园

社长,总编：
**阿扎提·苏里坦**
教授,博导
副社长,副总编：
**木合塔尔·买买提**
(编审,法人代表)
**本期责任编辑：**
**努尔尼沙·巴克** (副编审)
编辑：
**努尔尼沙·巴克**
**胡尔仙阿依·买买提明**
**艾孜再木·吐依洪**

主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
出版:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路 716 号文联 14 层)
电话:(0991)4554017
印刷:新疆日报社印务中心
发行:乌鲁木齐邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一刊号:CN65—1130/I 国外统一刊号:ISSN1004—3829 邮政代号:**58—60**
**E_mail**: mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
广告许可证号:6500006000040
邮编:830001
定价:6.00 元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 _ 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 _ 3829
PostCode : 58 _ 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥



# مەدەنىيەتلىك بولۇشتىن ئەخلاق، ئېتىقاد، پۇل ۋە ئېزگۈلۈككە قەدەر

ماخمۇت زەيدى

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە بازار ئىگىلىكىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى تونۇش ئېڭى، مەدەنىيەت ئېڭى، باراۋەرلىك ئېڭى ۋە قانۇن-تۈزۈم ئېڭىدا يۈكسىلىش بولدى. لېكىن بازار ئىگىلىكىگە ئەگىشىپ، ھەممە نەرسىدە ماددىنى، پۇلنى قوغلىشىدىغان يامان خاھىشلارمۇ بارلىققا كەلدى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش شارائىتىدىن، خەلقىمىز ئىچىدە بەزىلەر ئالدىن بېيىدى، لېكىن بۇنىڭ بىلەن بىزدە غەربنىڭ بەزى تۈرمۇش ئادەتلىرىنى دورىغۇچىلارمۇ بارلىققا كەلدى. ئىستېمال جەھەتتىمۇ ھالىمىزغا باقماي يۇقىرى ئىستېمال قوغلىشىش، ماددىي شارائىتىمىز بىلەن ھېسابلاشماي ھەشەمەتچىلىك، ئىسراپخورلۇق قىلىش، تويتۆكۈن، مەرىكىلەردە بىر-بىرىمىز بىلەن بەسلىشىپ، ئادرۇيپەرەسلىك قىلىشتەك ئەھۋاللار ئەۋج ئالماقتا. بۇ بىزنىڭ ئەخلاقىي ئېڭىمىزنىڭ بۇزۇلغانلىقى، نەزەرىيەۋى، پەلسەپە ئېڭىمىزنىڭ چۈۋالچاق ئىكەنلىكى ۋە يىراقنى كۆرەلمەيدىغانلىقىمىزنى ئىسپاتلايدۇ. كونىلار: «كۆرگەن كۈنۈڭنى ئۇنتۇما، شىر چۈرۈقۇڭنى قۇرۇتما» دېيىش ئارقىلىق باياشات كۈنلەردە غورىگىل ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەپ، ئىقتىسادچىل بولۇشنى تەلەپ قىلىشقان. ئۆتمۈش تارىختىكى ئېسىل ئەخلاق ۋە مەدەنىيەت بىردەملىك قىزىقىشتىن ئەمەس، بەلكى ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىياتتىن شەكىللىنىپ، ئەۋلاد روھىغا سىڭىپ، تۇرمۇش ئادىتى، پىكىر قىلىش ئۇسۇلىغا قوشۇلۇپ كەتكەن تارىخىي ئاڭنىڭ جۇغلانمىسى.

ئەخلاق ــــ ئىجتىمائىي ئاڭ ھالىتى بولۇپ، جەمئى-
يەتنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن
خىزمەت قىلىدۇ. ئۇ، مۇئەييەن جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي
ھاياتىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش رولىغىمۇ،
ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا توسقۇنلۇق قىلىش رولىغىمۇ ئىگە.
مەسىلەن، فېئوداللىق جەمئىيەتتە، ئەخلاق فېئودال ــــ پو-
مېشچىكلارنىڭ مەنپەئەت، ھوقۇقلىرىغا دەخلى- تەرۇز قى-
لىشقا يول قويمايتتى. باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇ شۇ جەمئىيەت
قانۇن- تۈزۈمىگە ماسلىشىش لازىم ئىدى. يەنە مەسىلەن،
يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ۋە 50- يىللارنىڭ
دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى شىنجاڭنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق
نىكاھ تۈزۈمىدە خوتۇن- قىزلارنى خالىغانچە ئۇرۇش،
تىللاشمۇ ئەيىبلەنمەيتتى. بۇنى ھېچكىم ئەخلاققا توغرا
كەلمەيدىغان ئىش دېمەيتتى، بۇ ھال ئىپتىدائىي جەمئىيەت
ۋە قۇللۇق جەمئىيەتتىكى كۆپ ئەرلىك ۋە كۆپ خوتۇن-
لۇق تۈزۈمنىڭ بىر ئىنكاسى ئىدى.

سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە يېڭى، مۇستەھكەم بىر
ئەر- خوتۇنلۇق ئائىلە تۈزۈمى، ئائىلە ۋە نىكاھ مۇناسىۋە-
تى جارى قىلىنىپ، كىشىلىك تۇرمۇشقا ھەقىقىي مۇۋاپىق
كېلىدىغان كوممۇنىستىك ئەخلاق ۋۇجۇدقا كەلدى. مۇ-
ھەببەتنى ئەمەس، پۇل، بايلىقنى ئاساس قىلىدىغان نىكاھ
مۇناسىۋەتلىرى سوتسىيالىستىك جەمئىيەت شارائىتىدا ئەخ-
لاقسىزلىق، نومۇسسىزلىق ھېسابلىنىدۇ. بىزنىڭ ھازىرقى
سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزدە، كىشىلىك قەدىر- قىممىتى
پۇل ياكى بايلىق بىلەن ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي تەڭ- با-
راۋەرلىك، بىر- بىرىنى ھۆرمەتلەش، ئىشىنىش، خالىسانە
ھەمكارلىق ئاساسىدىكى ئەخلاق ئارقىلىق ئۆلچىنىپ، ھەر
كىم قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەپ، ئەجرىگە مۇناسىپ ھەق-
ھۆرمەتكە ئېرىشىدۇ.

**مال- دۇنيا ئۆتكۈنچى، ئىزگۇ، پەزىلەت مەڭگۈلۈك**

«دەۋر ئېقىمى ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ قانداق بولۇ-
شىدىن قەتئىينەزەر، ئادەم ھامان ئۆزىنىڭ ئالىيجاناب پە-
زىلىتىگە تايىنىپ، دەۋر ۋە جەمئىيەتتىن ھالقىپ ئۆتۈپ،
توغرا يولغا مېڭىۋېرىدۇ. ھازىر ھەممەيلەن مۇزلىتىش ساند-
ۇقى، پىكاپ ۋە ئۆي ئۈچۈن پايپېتەك بولۇۋاتىدۇ، رىقا-
بەتلىشىۋاتىدۇ. بۇ، دەۋرىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ
قالدى. بىراق يەنە بىر مۇنچە كىشىلەر باركى، ئۇلار
بۇنداق ماددىي نەرسىلەرگە بېرىلمەي، غايە ۋە ھەقىقەت
يولىدا ئىزدىنىۋاتىدۇ، ئۇلار شۇنىڭ بىلەن ئىچ- ئىچىدىن
ئەركىنلىك ۋە خاتىرجەملىك ھېس قىلماقتا.»

بۇ سۆزلەر بىزنىڭ ھازىرقى ئىدېئولوگىيە ساھەسىد-
كى ئەھۋالىمىزغىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. پۇل، مال- دۇنياغا
قانداق مۇئامىلە قىلىشنى قەدىمكى ۋە ھازىرقى ئۇلۇغ كى-
شىلەر ھەر جەھەتتىن روشەن ۋە ئوبرازلىق ئىپادىلەپ
كەلگەن. بۇنىڭدىن 1000 يىل ئىلگىرى ياشىغان ئۇيغۇر
شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «توپلىغان مال- دۇنيا
تۈگەر، يوقۇلۇر، ياخشى سۆز پۈتۈلسە جاھان ئايلىنۇر»
دېيىش ئارقىلىق ياخشى ئەخلاق- پەزىلەتلا مەڭگۈلۈك ئى-
كەنلىكىنى كۆرسەتكەن.

ئارەستۇ: ئەدەپ- ئەخلاق ــــ پەننىڭ يولچى يۇلتۇ-
زى، كىمكى پەندە ئىلگىرىلەپ، ئەخلاقتا چېكىنسە، ئۇ
ئالدىغا ئەمەس، كۆپرەك ئارقىغا كېتىدۇ، دېگەن. شېكس-
پىر: ھاياتنىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ، گۈزەل ئەخلاقلا
ئۇنى كەلگۈسى ئەۋلادلارغىچە داۋاملاشتۇرالايدۇ،
دەيدۇ. بىر ئادەمنىڭ قەدىر- قىممىتى ئۇنىڭ پۇلىنىڭ ئاز-
كۆپلۈكى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدا گۈزەل ئەخلاق-
پەزىلەتنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

ھەقىقىي ئادەم دۇنيادا باي بولۇش ئۈچۈن ئەمەس،
بەختلىك بولۇش ئۈچۈن ياشايدۇ. مال- دۇنياغا قانداق
مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدە كىلاسسىكلار بىزگە ئۈلگە
بولۇپ كەلدى. ف. ئېنگېلس نۇرغۇن پۇل، مال- مۈلكىنى
ماركسنىڭ پائالىيىتى ئۈچۈن سەرپ قىلىپ، ئىنسانىيەت
ئازادلىقىغا بېغىشلىدى، ھەتتا ئۇ ئۆلۈشتىن ئىلگىرى،
پۈتكۈل بايلىق، مال- مۈلكىنى يېتىم بالىلارغا خەير- ساخا-
ۋەت قىلدى.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئەلىشىر نەۋايى ھايات ۋاقتىدا
ئوردىدىكى خىزمىتى ئۈچۈن بېرىلگەن ئىش ھەققىنى ئالما-
يلا قالماستىن، بەلكى دۆلەتكە ھەر ئايدا ئىقتىسادىي ياردەم
بېرەتتى. ئۇنىڭ خەيرخاھلىقى تۈپەيلىدىن، بىر شىپاخانا،
پۈتۈن بىر مەھەللە، پۈتۈن بىر چوڭ مەدرىسە، بىر خانىقا
ۋە بىر ھاپىز يېتىشتۈرۈش مەكتىپى قۇرۇلغانىدى. نەۋايى
بۇ ئورۇنلارنى ياستىپلا قالماستىن، ھەتتا بۇلارنى باشقۇ-
رۇش خىراجىتى ئۈچۈن ھازىرقى سومما ھېسابىدا 300-
400 مىليون يۈەن قىممىتىدە مۈلۈك ۋەخپە قىلغان. نەۋا-
يىنىڭ ھىرات سىرتىدا بىنا قىلدۇرغان كۆۋرۈك، مەدرىسە
ۋە باشقا بىنالارنىڭ سانى 3751 گە يېتىدۇ.

نوبېل مۇكاپاتى نوبېل ئىسىملىك ئالىمنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن تەسىس قىلىنغان. نوبېل (1831 ـ 1896) ياشلىق دەۋرىدىن تارتىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆيلەنمىگەن. ئۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا پۈتكۈل مال-دۇنياسىنى ئىلىم ساھەسىگە ياردەم قىلىشنى ۋەسىيەت قىلغانلىقتىن، كېيىنكى ۋاقىتتا نوبېل مۇكاپاتى تەسىس قىلىنغان.

ئىدىقۇت دەۋرىدىن يادىكار قالغان بېزەكلىك مىڭئۆيلىرى، قەشقەردىكى ھېيتگاھ جامەسىدىن باشلاپ، 1910-يىللاردا تۇرپانلىق مۇسۇل باينىڭ پاختا زاۋۇتى ۋە مەخسۇدىيە مەكتىپىنى بەرپا قىلىشى، غۇلجا شەھىرىدە 20-يىللاردا ھۈسەين يۈنۈس قۇرغان مەتبۇئات باسما زاۋۇتى، ئايخان ئانا نامىدىكى پەننىي مەكتەپ قاتارلىقلار ئەجدادلارنىڭ ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلىتىنى ئەسلىتىدۇ. يېقىنقى يىللاردا ئالدىن بېيىغان دېھقانلار بۇ ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ، خەلق ئۈچۈن نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلدى. غۇلجىدا «نۇرتاي ھاجىم يېتىملەر مەكتىپى»، خوتەندە «كېرەم ئىمىن ئوتتۇرا مەكتىپى»، تۇرپاندا «يەكىيا ئوتتۇرا مەكتىپى» قاتارلىق يۈزلىگەن مەكتەپلەر قەد كۆتۈردى. مۇنداق مىساللارنى كۈنلۈك گېزىتلەردىن كۆپلەپ كۆرۈشكە بولىدۇ. دېمەك، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلغاندىن كېيىنكى 20 يىل ۋاقىت ئىچىدە شىنجاڭدا غايەت زور يۈكسىلىشلەرنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى — خەلقىمىزنىڭ ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىككە ئوخشاش ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدىن، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ زور سىستېما قۇرۇلۇشى ئىكەنلىكى، مىللىتىمىزنىڭ ئىستىقبالىغا، دۆلەت كۈچىنىڭ ئېشىشىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانلىقىدىن بولغان.

**ئىنسانىي بۇرچ تۇيغۇسى ۋە غەرىبچە چۈشكۈنلۈك**

ئادەم ئۈچۈن ماددىي تۇرمۇشلا بولۇپ، مەنىۋى تۇرمۇش بولمىسا بولمايدۇ. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تۇققۇزى تەل بولمىسىمۇ، مەنىۋى تۇرمۇشى كۆڭۈللۈك بولغانلىقتىن، قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ ئۈمىدۋار ياشايدۇ. «ماددىي بايلىقنىڭ قۇلى بولۇپ قالغان ئادەم — ئۆز «نەپسى»گە چوغ تارتىدىغان، غايىسىز، كۆڭلى پەس، مەنىۋى تۇرمۇشى ئىنتايىن مەنىسىز ئادەم، شۇنداقلا ھاياتى ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئادەمدۇر» دېگەن تاۋجۇ.

ئەينى زاماندىلا ماركس بىلەن ئېنگېلس بۇرژۇئازىيەنىڭ تارىختىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي رولىغا مۇناسىپ باھا بېرىپ: كاپىتالىزم فېئودال قائىدە-تۈزۈملەرنى بىتچىت قىلىش بىلەن، ئادەم بىلەن ئادەم ئارىسىدا قىپيالىڭاچ، پايدا-زىيان مۇناسىۋىتىدىن، شەپقەتسىز «نەق پۇل مۇئامىلىسى»دىن باشقا ھېچقانداق ئالاقىنى قالدۇرمىدى، دەپ كۆرسەتكەنىدى.

2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئامېرىكا بارغانچە بېيىدى، مونوپوللۇق ئىدىيەسى ھەر تەرەپكە يامرىدى. بۇ ھەقتە بەزى يازغۇچىلار كىتاب يازدى. جۈملىدىن يازغۇچى ف. لوندبېرگ «ئامېرىكىدىكى 60 ئائىلە» ناملىق كىتابىدا: «بايلار شۇ قەدەر چېكىدىن ئاشقانكى، ئىتلىرىنىڭ بويىنىغا 15 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا تەڭ بىرىليانتلارنى ئېسىپ قويىدۇ، ياخشى كۆرىدىغان ئات ۋە ئىتلىرىغا زىياپەت بېرىدۇ، كۆندۈرۈلگەن مايمۇنلىرىغا مەخسۇس ھارۋا تەييارلاپ، بۇلارنى كۈتۈش ئۈچۈن، بىر مۇنچە چاكارلارنى ياللاپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ... زىياپەت ۋە بەزمىلەر ئۈچۈن بىر قانچە 100 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى سەرپ قىلىنىدۇ. مالىيە ئولىگارخىيلىرى بۇ بىمەززە تاماشىلاردىن زېرىكىپ، بەزى تېتىقسىز ئويۇنلارنى ئويلاپ تېپىشتى: مايمۇنلار زىياپەتلەردە مېھمانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇراتتى، ئادەملەر ئالتۇن بېلىق تەقلىدىدە ياسىنىپ، كابىنىلاردىكى كۆللەردە سۇ ئۈزۈشەتتى؛ غەزەلچى ئاياللار يوغان تورتلارنىڭ ئىچىدىن سەكرەپ چىقاتتى...»، «كىشىنى چۆچۈتىدىغان مۇنداق ئاجايىپ ئىسراپچىلىقلار ھازىرقى كۈندە تېخىمۇ كۆپەيمەكتە، خەلق ياراتقان بايلىقلارنى ئاچلىق رەۋىشتە ئىسراپ قىلىش بۇرۇنقىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى» دەپ يازغان.

ماركس ئەينى زاماندىلا: «كاپىتالىستىك جەمئىيەت ئالتۇننى ئۆزىنىڭ ئەڭ سىرلىق ھايات پىرىنسىپىنىڭ پارلاق گەۋدىلىنىشى دەپ تەرىپلىمەكتە» دېگەن.

كونا جۇڭگو يېرىم فېئوداللىق ۋە يېرىم مۇستەملىكە ھالىتىدە چەت ئەل جاھانگىرلىكى ۋە فېئودال بەگلەر، دەللال بۇرژۇئازلارنىڭ تالان-تاراج قىلىشىغا ئۇچرىغان. شۇڭا پۇلى بارنىڭ گېپى ئۆتۈك، پۇلى يوقنىڭ گېپى تولۇك، دېگەن ماقال كېلىپ چىققان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغىلى

يېرىم ئەسىر بولغان بولسىمۇ، ئىجتىمائىي ئالىي ھالىتىدە كونا جەمئىيەتنىڭ سارقىتلىرى، بۇرژۇئازىيەنىڭ تەسىرى تېخىچە تۈگەپ كەتكىنى يوق. بازار ئىگىلىكىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن كۈچلۈك رىقابەت، پۇل تېپىپ باي بولۇش يوللۇق دېيىلگەندىن بۇيان، ئايرىم كىشىلەر ئۇياتنى بىلمەيدىغان سودا مۇناسىۋىتىنى جارى قىلدى. پۇلدارلار خۇددى ئۆتمۈشتىكى مونوپول كاپىتالىستلاردەك كىشىلەرنى ئالداپ، بوزەك قىلىپ پۇلغا ئېرىشتى، ئىسراپخورلۇق قىلىپ، ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلدى. ئارقا ئىشىكتىن مېڭىپ، قانۇن-ئەخلاقنى كۆزگە ئىلمىدى. ئۆز جىنايىتىنى پۇل بىلەن ياپماقچى بولدى. بەزىلەر ھوقۇقنى تاۋارلاشتۇردى، پەن-تېخنىكىنى تاۋارلاشتۇرۇش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئەدەبىي سەنئەتمۇ تاۋارلاشماقتا. چوڭ شەھەرلەرگە ئورۇنلىشىشتا نوپۇسمۇ تاۋارلاشتى. چەت ئەللەرگە چىقىش قىزغىنلىقى بىلەن جامائەت گۇۋاھلىقى قاتارلىقلارمۇ تاۋارلاشتى. قىسقىسى، پۇلۇڭ بولسىلا نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغىلى بولىدىغان بولدى. يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار ماركسنىڭ: «بۇرژۇئازىيە ــ پۇل ئىگىلىرىدۇر. ئۇلار ئۆزلىرىگە مۇنداق دەيدۇ: ‹مەن سەت بولسامىمۇ، قىزلارنىڭ چىرايلىقلىرىنى سېتىپ ئالالايمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سەت ئەمەس. چۈنكى، سەتلىكنىڭ نەتىجىسى ۋە ئۇنىڭ نەپرەتلىك كۈچى پۇل بىلەن يوقىتىلىدۇ. مەن ئۆزۈمنىڭ بەدىنىنى ئالسام، مەن ئەسلىدە ئاقساق، لېكىن پۇل ماڭا 24 پۇت بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئاقساق ئەمەس. مەن بىر پەس، سەممىيەتسىز، ئۇياتسىز، ئاڭقاۋ ئادەممەن. لېكىن پۇل كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە. شۇڭا ئۇنىڭ ئىگىسىمۇ كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە. پۇلنىڭ ئۆزى ياخشى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىگىسىمۇ ياخشى بولىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى، پۇل مېنى سەممىيەتسىزلىك، ئاۋارىچىلىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ، سەممىيەتلىك كىشىگە ئايلاندۇرىدۇ›» دېگەنلىرىنى ئەسلىتىدۇ.

بىزنىڭ ھازىرقى شارائىتىمىزدا پۇلنىڭ رولىغا مۇشۇنداق چۈشەنچىدە قارايدىغانلار بارمۇ-يوق؟ ئويلىنىپ بېقىشقا تېگىشلىك. ماركس يەنە بىر جايدا: «ئىنسانىيەت پۇلنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلغاندىلا ھەقىقىي ئازاد بولىدۇ» دەيدۇ. لۇشۈن: «ئەمەلىي مەنپەئەتكە بېرىلىپ كەتكەن كىشىلەر شۇنى بىلىپ ئالسۇنكى، ئالتۇن ۋە تۆمۈر بىلەن دۆلەتنى كۈچەيتكىلى بولمايدۇ. خەلق روھىلا قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. ئۇنى جارى قىلدۇرغاندىلا، جۇڭگولۇقلار ئاندىن ھەقىقىي ئالغا باسالايدۇ» دەيدۇ. رۇس كىلاسسىك يازغۇچىسى چېخوپ: «كىشىنىڭ شادلىقى ۋە بەختى پۇلدا، مۇھەببەتتە ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتتە» دەپ يازغان. «ئادەم دۇنيادا باي بولۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بەختلىك بولۇش ئۈچۈن ياشايدۇ» دېگەن ستېندال. كۆپنى كۆرگەن، تەجرىبىسى، بىلىمى مول دانىشمەنلەرنىڭ بۇ ئەقلىيە سۆزلىرى بىز ئۈچۈن تەربىيە ۋە داتلاشماس ئەينەك. كىشىلىك تۇرمۇش ئايلىنىپ يۈرىدىغان ئەگرى-توقاي يول ئىكەنلىكىنى ئويلىساق، بۇ سۆزلەر ھازىرمۇ قىممەتكە ئىگە.

### ياشاش: بۈگۈن ۋە كەلگۈسى ھەققىدە

ئىنسان نېمە ئۈچۈن ياشايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ؟ نېمىنى ئارمان قىلىدۇ؟ بۇ ئۇزاق ھاياتلىق مۇساپىسىدە كىملەر نېمىگە ئېرىشىپ، نېمىسىدىن مەھرۇم بولدى؟ بۇ جەمئىيەت، كىشىلىك تۇرمۇش سىرى كىمگە ئاشكارا ۋە كىمگە مەخپىي بولدى؟ تۇرمۇش كىملەرگە كۈلۈپ ۋە كىمگە تەتۈر قارىغان؟ نېمە ئۈچۈن؟... كىمگە ئىشىنىپ، كىمگە نەپرەتلىنىشى كېرەك؟ بۈگۈن بىلەن ئۆتمۈشنى باغلاپ تۇرغان نەرسە نېمە؟ ماددىي گاداىلىق ۋە مەنىۋى يۈكسەكلىك دېگەن نېمە؟

«ھازىرقى» تۇرمۇش «ئۆتمۈش» تارىخنىڭ داۋامى، ئۇ «كېلەچەك»كە تۇتاشقان. ئاتاقلىق ماركسىزمچى، جامائەت ئەربابى لى داجاۋ: «ھازىرنىڭ قوغغۇرىقى چېلىنسا، چەكسىز ئۆتمۈش بىلەن كېلەچەك ئۆزئارا ماسلىشىدۇ» دېگەن.

3 - ئومۇمىي يېڭى جۇڭگونىڭ بىپايان زېمىنىدا ھەيۋەتلىك ئىسلاھات قوڭغۇرىقىنى چالدى. بۇ ئىسلاھات سوتسىيالىزمنىڭ ئۆزىنى تولۇقلاپ، خەلقنى بېيىتىشنى مەقسەت قىلغان. نۆۋەتتە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىكنى زور كۈچ بىلەن يارىتىش ئىشى مىللىتىمىزنىڭ شانلىق ئېسىل ئەنئەنىسىنى ــ 5000 يىللىق مەدەنىيىتىنى مەنبە قىلغان بولۇپ، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى ئاشۇرۇش جەھەتتە قۇدرەتلىك ئۈيۈشتۇرغۇچى سىگنالدۇر. ئۇ، كەلگۈسى ئىستىقبالىمىزغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. 18 - قۇرۇلتاي نىشان ۋە مەقسەتكە يېتىشىمىزدىكى

تەدبىرلەرنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بىزدىكى تەرەققىيات ۋە زامانىۋىلىشىش قانداقتۇر بەزى ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەرنىلا ئەمەلگە ئاشۇرۇش بولۇپ قالماي، بەلكى پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرى ۋە مىللەتلەرنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ ناھايىتى مۇشكۈل ئىش، سىستېمىلىق، ساغلام، چېۋەرلىك بىلەن بېسىلغان ماس قەدەمنى تەلەپ قىلىدۇ.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولى ماددىي، مەنىۋىي ۋە سىياسىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا تەڭ ئەھمىيەت بېرىدىغان يول، جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىدىن چىقىش قىلىپ تاللانغان يول.

ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا، بىز يېڭى جۇڭگونى مەيدانغا كەلتۈرگىچە ۋە مەيدانغا كەلتۈرگەندىن كېيىنمۇ، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت يارىتىش ۋە ئىنسانىيەتكە بەخت-سائادەت يارىتىش يولىدا ئۆز ھاياتىنى بېغىشلىغان داھىي، دانىشمەنلەرنىڭ تەجرىبە-ئۇگۇتلىرىنى دەستۇر قىلدۇق.

بۇ خىل مەنىۋى مىراس، ئەقلىيە سۆزلىرىدىن سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ماتېرىيالى ياكى بىر دېتالى سۈپىتىدە مۇۋاپىق پايدىلىنىشىمىز كېرەك.

مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى — بىر پۈتۈن سىستېما. ئۇ خۇددى شاھمات تاختىسىدىكى ئۇرۇقلاردەك سەگەك ۋە يۈكسەك ھوشيارلىقنى، ئۆزئارا بەسلىشىش ۋە رىقابەتنى چەتكە قاقمايدۇ. ئۇ جۇڭگو بىلەن دۇنيانى ئۆزئارا باغلاش بىلەن، ھازىر بىلەن كەلگۈسىنى، مىللەت بىلەن مىللەتنى بىر-بىرىگە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇپ، ئورتاق تىل، ئورتاق غايە ۋە ئورتاق مەدەنىيەت يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

شۇنى ئەستە تۇتۇش كېرەككى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىكنىڭ ئىجتىمائىي رولى ھەرگىزمۇ ماددىي مەدەنىيلىكنىڭ رولىغا ئوخشاش ئۇنداق بىۋاسىتە، تېز ياكى روشەن ئىپادىلەنمەيدۇ. ئۇنىڭ مەنىۋى تەسىرى يوشۇرۇن بولۇپ، بىر قەدەر ئۇزاق ۋاقىتتىلا ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، مەنىۋى مەدەنىيلىكنىڭ ئۆزلىشىشىنى مۆلچەرلەشتە، نوقۇل ھالدا ماددىي مەدەنىيلىككە سېلىنغان سېلىنمىنىڭ مىقدارىنى ئۆلچەم ۋاستىسى قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. قىسقىسى، مەنىۋى مەدەنىيلىك تەدرىجىي سان ھالىتىدىن سۈپەت ھالىتىگە ئۆتىدىغان جەريانغا ئوخشايدۇ.

مەنىۋى مەدەنىيلىك ياكى روھ ئۆز رولىنى كۆرسەتكەندە، ماددىي مەدەنىيلىكنى مۇستەھكەملەپ، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچلۈك تۈرتكە بولىدۇ. ئەستە تۇتۇش كېرەككى، يېڭى بىر ئەسىرگە ئاتلىنىش تېخىمۇ يۇقىرى، يۈكسەك مەدەنىيلىك پىرامىداسىنى تىكلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا كىشىلەردىكى يوشۇرۇن كۈچ ۋە ئىقتىدارنى جارى قىلدۇرۇپ، ئارقىدا قالغان كىشىلەر ياكى نامراتلارنى قالاقلىق ياكى نامراتلىق پاتقىقىدىن قۇتقۇزۇپ، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ۋە پىداكارلىق بىلەن ئىشلىشىمىز كېرەك.

بۈگۈن تېخىمۇ مول مۆجىزىلەرگە ھامىلدار ئەتىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ، غۇلىچىڭنى كەڭ ئاچ، كەلگۈسى بىزگە مەنسۇپ.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە)


## بىلدۈرگۈ

**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

نەشرىياتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق سانلىرىدىن 2012 - يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، يەككە باھاسى 200 يۈەن.

ئالاقىلاشقۇچى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن Tel: (0991) 4554017

# مەدەنىيەت ئۇقۇمىنى توغرا ئىستېمال قىلىش، ئىلغار مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرايلى

**ماھنۇر ھاجىياقۇپ ئانات**

يېقىندىن بۇيانقى رادىيو، گېزىت ۋە تېلېۋىزورلاردا
ئەل-جامائەت ئارىسىدا خېلى تەسىرگە ۋە خېلى يۇقىرى
يۈز-ئابرۇيغا ئىگە بولغان قىسمەن شەخسلەرنىڭ ئۇيغۇر-
لارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىنىش ئادەتلىرى توغرۇلۇق بايان
قىلغان پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ ۋە كۆرۈپ تۇردۇم. بۇ يول-
داشلارنىڭ بەزىلىرى بۇ ھەقتە ئىلمىي سەۋىيەسى خېلى
يۇقىرى، كىشىنى قايىل قىلارلىق كۆز قاراشلارنى ئوتتۇ-
رىغا قويغان بولسىمۇ، ئەمما قىسمەنلىرىنىڭ قاراشلىرى
يۈزە بولدى. بۇ ئەھۋال ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنىڭ تېخى
پىشمىغانلىقىنى، تەييارلىقنىڭ پۇختا بولمىغانلىقىنى كۆرسىت-
دۇ. ھەممىگە ئايانكى ئۇقۇم، كۆز قاراشلارنىڭ ئايدىڭلى-
شىش، توغرىلىنىش نۆۋەتتە نۇرغۇنلىغان ئىجتىمائىي ۋە
نەزەرىيەۋى مەسىلەرنى چۈشىنىۋېلىشتە مەسىلىلەرنىڭ ما-
ھىيىتىگە بولغان قاراشلىرىمىزنىڭ توغرا بولۇشىدا ھالقىپ
ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدىغان بىر خىزمەت ياكى مەسىلە.
شۇ ۋەجىدىن مەن بۇ ماقالىدە مەدەنىيەتنىڭ تەبىرىگە قا-
رىتا ئاز-تولا چۈشەنچە بېرىش بىلەن بىللە، «مەدەنى-
يەت» ئۇقۇمىنىڭ ئىستېمال دائىرىسى ۋە ئىلغار مەدەنى-
يەت ئامىللىرىنىڭ رولىنى تىرىشىپ ياخشى جارى قىلدۇ-
رۇش ھەققىدىكى قىسمەن قاراشلىرىمنى ئوقۇرمەنلەر ئا-
مىسى بىلەن ئورتاقلىشىشنى لايىق تاپتىم. قاراشلىرىم غورا
ھالەتتىكى پىشمىغان خام پىكىرلەر بولسىمۇ، كەڭ جامائەت-
نىڭ تەنقىدىي نەزەر بىلەن كۆرۈپ مۇلاھىزە قىلىپ بېقى-
شىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئامېرىكىلىق ئالىم مورگاننىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى-
دىن پۈتكۈل دۇنياغا مەلۇمكى، ئىنسانىيەت ئاپىرىدە بول-
غاندىن تارتىپ، تاكى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ئەڭ دەس-
لەپكى ئىجتىمائىي فورماتسىيە شەكىللەنگەنگە قەدەر ئىن-
سانلار ۋارۋارلىق (ۋەھشىيەت) دەۋرى، ياۋايىلىق
دەۋرى، مەدەنىيەت دەۋرىدىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچنى
ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزدى. مورگان ئۆز تەتقىقاتىدا، ئىنسان-
لارنىڭ گۆدەكلىك مەزگىلىدىن باشلاپ، بېلىقنى ئوزۇق
قىلىش ۋە ئوت ئىشلىتىش ساۋاتىغا ئېرىشكىچە بولغان
مەزگىلى ۋارۋارلىق جەمئىيىتىنىڭ تۆۋەن باسقۇچى، ئوقيا
ئىختىرا قىلىنغىچە بولغان مەزگىلى ۋارۋارلىق جەمئىيىتىنىڭ
ئوتتۇرا باسقۇچى، ساپالچىلىق تېخنىكىسى ئىختىرا قىلىنغى-
چە بولغان مەزگىلى ۋارۋارلىق جەمئىيىتىنىڭ يۇقىرى باس-
قۇچى دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ يەنە ئۆز تەت-
قىقاتىدا ساپالچىلىق تېخنىكىسىنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى ياكى
تارقىلىشىنى ۋارۋارلىق جەمئىيىتى بىلەن ياۋايىلىق جەمئىيە-
تىنى ئايرىشنىڭ چەك-چېگراسى قىلغان بولۇپ، ئىنسانلار-
نىڭ ساپال بۇيۇملارنى ئاز-تولا ياسىيالايدىغان، لېكىن
ھايۋانلارنى قولغا ئۆگىتىشنى تېخى بىلمەيدىغان مەزگىلى-
رىنى ياۋايىلىق دەۋرىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى، ھايۋانلار-
نى قولغا ئۆگىتىشنى ۋە سۇغىرىش، تېرىقچىلىق، ئۆي-ئى-
مارەت سېلىشقا كېسەك، تاش ئىشلىتىش قاتارلىقلارنى بىل-
گەندىن تارتىپ، تۆمۈر ئېرىتىش تېخنىكىسىنى ئىختىرا قىل-
غانغا قەدەر بولغان مەزگىلى ياۋايىلىق جەمئىيىتىنىڭ ئوتتۇ-
را باسقۇچى، ئىنسانلار تۆمۈر قوراللارنى ياسىيالايدىغان
بولغاندىن تارتىپ، تاكى ئەڭ دەسلەپكى ئېلىپبەلىك
يېزىق، سۈرەتلىك تەسۋىرىي يېزىقلارنىڭ ئىختىرا قىلىنى-
شىغا قەدەر بولغان دەۋرنى ياۋايىلىق جەمئىيىتىنىڭ يۇقى-
رى باسقۇچى دەپ ئايرىيدۇ. ئۇ يەنە يېزىقنىڭ پەيدا
بولۇپ ئىشلىتىلىشى، يازما ھۆججەت-پۈتۈكلەرنىڭ مەي-
دانغا كېلىشى بىلەن مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ باشلانغانلىقى-
نى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرى ۋە تەتقىقات
نەتىجىلىرى پۈتۈن دۇنيا ئىلىم-پەن ساھەسىدىكىلەر تەرى-
پىدىن ئېتىراپ قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ قارىشىچە يەنە،
مەدەنىيەت جەمئىيىتىمۇ قەدىمكى زامان مەدەنىيەت جەمئى-
يىتى ۋە يېقىنقى زامان مەدەنىيەت جەمئىيىتى دەپ ئىككىگە
ئايرىلىدۇ. دېمەك، يېزىقنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن ئىنسا-
نىيەت مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغان دېسەك، خاتا-

لاشقان بولمايمىز. ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىنكى تارىخىي مۇساپىسىنى ئۈزلۈكسىز تەتقىق قىلىشتا، مورگاننىڭ يۇقىرىقى قاراشلىرى مۇئەييەن ئىلمىي ۋە تارىخىي قىممەتكە ئىگە. ئىنسانىيەت مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن تارتىپ بارلىققا كەلگەن بىر قانچە 1000 يىللىق مەدەنىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىيات جەريانىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە دۇنيانىڭ ئوخشاشمىغان رايونلىرىدا ياشىغان ئىنسانلار توپلىرى ئۆز ئالدىغا ھەر خىل دىنىي ئېتىقادلارنى بارلىققا كەلتۈردى ۋە شۇ ئېتىقادلار ئاساسىدا ئۆزلىرىگە خاس بىر يۈرۈش مەدەنىيەت ئەندىزىلىرىنى ياراتتى. بىز بۇ مەدەنىيەتلەرنى خاراكتېر جەھەتتىن ئىنچىكە سېلىشتۇرۇپ قارايدىغان بولساق، ئوخشاشمىغان جۇغراپىيە دائىرىدە ياشىغان ئىنسانلار ياراتقان مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ بىر-بىرىدىن ئوخشىمايدىغان يەرلىك مىللىيەت تۈسىگە ۋە ئوخشاش بولمىغان دىنىي تۈسكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، پەقەتلا ئاسىيا تەۋەسىدە ئېلىمىزدىكى كۇڭزى مەدەنىيىتى، ياپون مەدەنىيىتى، ئوتتۇرا شەرق، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىر قىسىم رايونلار، فىلىپپىن، مالايسىيا، ھىندونېزىيەلەرنى، شۇنداقلا يەنە شىمالىي ۋە ئوتتۇرا ئافرىقا رايونىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسلام مەدەنىيىتى، ياۋروپا تەۋەسىدە ئوتتۇرا ياۋروپا ئەللىرى، شىمالىي ئامېرىكا ۋە ئوكيانىيەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خىرىستىيان مەدەنىيىتى، شەرقىي ياۋروپادىكى سلاۋيانلارنى ئاساس قىلغان پىراۋۇسلاۋىيە مەدەنىيىتى، تېخى بىرلىككە كېلىپ بولالمىغان ئافرىقا مەدەنىيىتى، لاتىن ئامېرىكىسى مەدەنىيىتى قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتسەكلا كۇپايە.

مەدەنىيەت دېگىنىمىز زادى نىمە؟ بۇ ئۇقۇمغا «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دە مۇنداق تەبىرلەر بېرىلگەن: «مەدەنىيەت دېگىنىمىز: 1) ئىنسانلارنىڭ جەمئىيەت تارىخى تەرەققىياتى داۋامىدا ياراتقان ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلىرى، ئۇتتۇقلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئادەتتە ئۇ كۆپرەك مەنىۋى بايلىقلارنى، يەنى ئەدەبىيات-سەنئەت، مائارىپ، ئىلىم-پەن قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ؛ 2) بىرەر ئىجتىمائىي گورۇپپا، سىنىپ ياكى خەلقنىڭ مەلۇم دەۋردە قولغا كەلتۈرگەن مەنىۋى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ دەرىجىسى، يەنى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت، پىرولېتارىيات مەدەنىيىتى، بۇرژۇئا مەدەنىيىتى، ۋەھاكازا؛ 3) ئوخشاش بىر تارىخىي دەۋردە تارقىلىش ئۇقتىسىنىڭ يوقىلىشىغا قارىماستىن ساقلىنىپ قالغان خارابە ئىزلىرى ۋە باشقا يادىكارلىقلارنىڭ يىغىندىسى؛ 4) يېزىق ئىشلىتىش قابىلىيىتى، ئومۇمىي ساۋات، تەلىم-تەربىيە كۆرگەنلىك، زىيالىيلىق، ۋەھاكازا.» لېكىن بۇ ئىزاھاتتىن «مەدەنىيەت» ئۇقۇمىغا دېگەندەك قانائەتلىنەرلىك جاۋاب چىقمايدۇ. غەرب مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ قاراشلىرىدىن مەلۇمكى، «مەدەنىيەت» — ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان تىرىشچانلىقلىرى ۋە ئىجادكارلىقىنى كۆرسىتىدۇ، بۇ تىرىشچانلىقلارنىڭ ئىنسانلارنىڭ كونكرېت ماددىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە نامايان بولۇشى ئەنە شۇ مەدەنىيەتنىڭ تىپىك ئالامەتلىرى بولىدۇ. دېمەك، يۈكسەك تەپەككۇرنىڭ ئىنسانلار ئېڭىدىكى ئىپادىسى «مەدەنىيەت»نى بىلدۈرسە، ئۇنىڭ كونكرېت تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىكى ئىجادىي ھاسىلاتلىرى «ھەزرەت» دېيىلىدۇ. مەيلى، بىزنىڭ لۇغەتلىرىمىزدە «مەدەنىيەت» ئۇقۇمىغا بېرىلگەن تەبىرلەردىن بولسۇن ياكى غەرب مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ تەبىرلىرىدىن بولسۇن، بىز «مەدەنىيەت» ئۇقۇمىنىڭ ئۇنچىلىك ئاددىي مەنىدە ئەمەسلىكىنى، بۇ ئۇقۇمنىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ بىر پۈتۈن تارىخى داۋامىدىكى ئىجتىمائىيلىقىنى، سىياسىيلىقىنى ھەر جەھەتتىن ئەكس ئەتتۈرىدىغان مۇرەككەپ بىر ئۇقۇم ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

لېكىن ھازىرقى كۈندە خېلى كۆپ ساندىكى كىشىلىرىمىزنىڭ بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىسىنىڭ ئىنتايىن مۇجمەل ھەم تولىمۇ ئاددىي ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئىگىلەپ كۆرۈشۈمچە، ھازىرقى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىمىز ئىچىدە خېلى كۆپ سانلىق ئادەملىنىڭ، بولۇپمۇ ئاياللار ئاممىسىنىڭ كىشىلىك جەمئىيىتىدىكى «مەدەنىيەتلىكلەر» بىلەن «مەدەنىيەتسىزلەر»نى ئايرىشتا، ئىنتايىن يۈزەكى ئۆلچەم قوللىنىدىغانلىقىنى، يەنى مەلۇم بىر شەخسنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش پائالىيەتلىرىنى مودىغا مۇناسىپ ھالدا ئېلىپ بارالايدىغان ياكى ئېلىپ بارالمايدىغانلىقىنى، كىيىنىش، يۈرۈش-تۇرۇشتا زامانغا لايىق «مودېرن» بولالايدىغان ياكى بولالمايدىغانلىقىنى ئۆلچەم قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىدىم ۋە كۆردۈم. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە، ئېسىل بېزەلگەن بىنا ئۆيلەردە ئولتۇرۇپ، ئالىي دەرىجىلىك رېستوران، تېز تاماقخانىلاردا غىزالىنىش، يۈرۈش-تۇرۇش، كىيىنىش مەئىشەتلىرىدە كۈنسايىن يېڭىلىنىپ تۇرۇۋاتقان زامانىۋى مودىغا ئەگىشىپ ياشاشنى بىلگەنلەرلا «مەدەنىيەتلىك» ئىكەن. ئورۇنۇپ-يۆگىنىپ، ساقال قويۇپ يۈرگەنلەر

بولسا، «مەدەنىيەتسىز» ئىكەن. مېنىڭچە، بۇ تولىمۇ يەڭ-
گىللىك بىلەن بېرىلگەن باھا بولۇپ، ئىنتايىن كۈلكىلىك
ھەم مەنتىقسىز گەپ دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، ئاشۇ ھە-
جاپلانغان، ساقال قويغانلاردىن سورايدىغان بولسىڭىز،
ئۇلار ھەرگىزمۇ ئۆزلىرىنى «مەدەنىيەتسىز» دەپ قارى-
مايدۇ، ئەكسىنچە تېخى ئۆزلىرىنى «ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ
ۋەكىللىرى» دەپ تونۇيدۇ. مېنىڭچىمۇ ئۇلار «مەدەنىيەت-
سىز» ئەمەس، چۈنكى ئۇلارنىڭ خېلى بىر قىسمى ساۋات-
لىق، تۈرلۈك ئالاقە ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىدىن، ئالايلۇق يان
تېلىفوندىن پايدىلىنىشنى، ھەتتا ئىنتېرنېت توردىن پايدى-
لىنىشنى بىلىدۇ، ئەقەللىيسى يەنە يەن-تېخنىكىنىڭ كۈچى-
دىن پايدىلىنىپ بومبا ياساپ بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتىدۇ
(گەرچە ئۆزلىرى ئىلىم-پەننى ئىنكار قىلسىمۇ). شۇڭلاشقا
ئۇلارنى «مەدەنىيەتسىزلەر» دېمەي، بەلكى مۇسۇلمانلار
ئارىسىدىكى رادىكاللاشقان ئەسەبىي «جاھىلىيەت ئېقىمى»
نىڭ ۋەكىللىرى دېسەك بىر قەدەر مۇۋاپىق بولار.
ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىدىكى ئەسەبىيلىكتە ئۇچىغا چىققان
ئېتىقاد قارىشى ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى مىللىيەت ئېڭى ۋە
مىللىي ئەنئەنە ئۇقۇمىنى يوققا چىقىرىپ، ۋۇجۇدىدىكى
مىللىي مەدەنىيەتكە بولغان ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنىمۇ ئۇن-
تۇلدۇرۇۋەتكەن. ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنى «قەلبىدە ئىما-
نى بار، تەقۋا مۇسۇلمانلار» دەپلا قارايدۇكى، ئۆزىنىڭ
قايسى ۋەتەنگە، قايسى مىللەتكە تەۋە ئىكەنلىكىنىمۇ ئويل-
لىمايدۇ، شۇنداقلا ئۇلار يەنە «مۇسۇلمانلىق» نىڭ نېمە-
لىكىنى، ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ توغرا ۋە ھەقىقىي تەلىماتلى-
رىنى چۈشەنمەيدۇ. «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس-كا-
لام»لاردا قەيت قىلىنغان ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ھەقىقىي
مەزمۇنىنىمۇ چۈشەنمەيدۇ. ئۇلاردا پەقەت قارىغۇلارچە ۋە
تەلۋىلەرچە «ئېتىقاد»لا باركى، نەزەرىدە ھەرگىزمۇ
«ئىنسان» ۋە «ئىنسان ھوقۇقى» دېگەنلەر مەۋجۇت
ئەمەس. شۇڭلاشقا ئۆز يولباشچىلىرىنىڭ ئاغزىدا «ئى-
مان»نى تەكتلەپ تۇرسىمۇ، كۆڭلىدە «شەيتان»نى «قو-
شۇمچە ھەمراھ» قىلىپ، ئىسلام ئەھكاملىرىنى خالىغانچە
بۇرمىلاپ، مۇسۇلمانلار دۇنياسىنى پارچىلاشقا ئۇرۇنۇۋات-
قانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئۈزلۈكسىز نىزا-ئاداۋەت
ئۇرۇقىنى چېچىپ، يولسىز جېدەل-ماجىرا تېرىشقا، ھەر-
قايسى ئەللەردىكى مۇسۇلمان ئاممىسىنى ئۆز دۆلىتىدىكى
ھاكىمىيەت بىلەن تىنىماي قارشىلىشىشقا قۇترىتىۋاتقانلىقىنى
تېخىمۇ چۈشەنمەيدۇ. يېقىنقى بىر قانچە ئون يىللاردىن
بۇيان ئۇلار پەيدا قىلغان تەپرىقىچىلىك سەۋەبىدىن، مىل-
يونلىغان ئىسلام مۇخلىسلىرىنىڭ بىر-بىرىنى قىرغىن
قىلىپ، ھە دېسىلا قىرغىنچىلىق ئىقتىدارى يۇقىرى بولغان
تۈرلۈك زامانىۋى قوراللار ۋە ئادەم بومبىلارنى ئىشقا
سېلىپ، قان تۆكۈۋاتقانلىقىنى، كۆرمىگىلىغان بەختسىز مۇ-
سۇلمان باللىرىنىڭ مەزھەپلەر ئارا يۈز بېرىۋاتقان
ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى تۈپەيلى، سەرسانلىقتا ئاچ-يالى-
ڭاچلىق تەقدىرىگە مۇپتىلا بولۇپ، ھەتتا بۇ دۇنيادا
ياشاش ھوقۇقىدىنمۇ مەھرۇم بولۇۋاتقانلىقىنى ئويلاپمۇ
قويۇشمايدۇ. دۇنيادا ئىنسانلار ھامان ئۆز ئەقىل-ئىدرا-
كىدىن ھالقىپ كەتكەن مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىپ تۇرىدۇ،
ئۇنىڭ ئۈستىگە كىشىلەرنىڭ پىكىر يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى-
مۇ تەكشى بولمىغانلىقتىن، مەسىلىلەر ئۈستىدىكى پىكىر-
مۇلاھىزىسىمۇ، ئۆز تۇرمۇش مۇھىتىدا كېلىپ چىقىۋاتقان
رېئال مەسىلىلەرگە تاپقان جاۋابلىرىمۇ پەرقلىق بولىدۇ.
بۇ ھادىسە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلىمىدىكى كىشىلەر
نىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىدىكى ئوخشىماسلىق تۈپەيلى،
بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان نەتىجىنىڭمۇ كۆپ خىل بولى-
دىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئوخشاشمىغان قىممەت قارىشى
ئوخشاشمىغان مەدەنىيەت ئەندىزىسىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا
سەۋەبچى بولىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، ھازىرقى دۇنيادا
مەۋجۇت بولۇۋاتقان نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت ئەندىزىلىرد
نىڭ ھەرقايسىسى مەلۇم قىممەت قاراش، مەلۇم ئېتىقاد ئا-
مىللىرىنىڭ ئېھتىياجى ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ. بۇ يەردە
باشقىسىنى قويۇپ تۇرۇپ، پەقەت ئۆزىمىزگە زىچ ئالاقى-
دار بولغان «ئىسلام مەدەنىيىتى» ئۈستىدىلا توختىلايلى:

ئىسلام دىنى مىلادى7-ئەسىردە ئەرەب يېرىم ئارىلى-
دا بارلىققا كەلگەندىن تارتىپ، ئۆز دائىرىسىدىن ھالقىپ،
شىمالىي ئافرىقا، ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا، شەرقىي
جەنۇبىي ئاسىيا، جەنۇبىي ياۋروپانىڭ قىسمەن رايونلىرى
قاتارلىق دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كېڭىيىش داۋامىدا،
نۇرغۇنلىغان ئالاھىدە ھازارەتلەر ۋە ئىككىلەمچى مەدەنى-
يەت ئامىللىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ، ئۆزىگە خاس بىر
تۈرلۈك مەدەنىيەت ئەندىزىسىنى ياراتتى. شۇنىڭ بىلەن
ئىسلام دىنىنىڭ بىر يۈرۈش مۇكەممەل پەلسەپىسى، بىر
يۈرۈش مۇنتىزىم ئىسلام ئەخلاقى قائىدە-ئەھكاملىرى،
ئىسلام شەرىئىتى مىزانلىرى ۋۇجۇتقا كەلدى. شۇنىڭ
بىلەن بىللە، يەنە بۇ جەرياندا ئىسلام ئەقىدىلىرى خۇسۇ-
سىدا خېلى كۆپ ئىسلاھاتلارمۇ يۈز بەردى. بۇ ئىسلاھات-
لارنىڭ بەزىلىرى ئىسلام دۇنياسىدا ئىجابىي رول ئوينى-
غان ۋە ئىسلام ئەللىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۆرتكە بولغان

بولسا، بەزىلىرى سەلبىي رول ئويناپ، ئىسلام تارىخىدا نۇرغۇنلىغان قانلىق پاجىئەلىك سەھىپىلەرنى قالدۇردى. مەسىلەن، ئىسلام دىنىدىكى چوڭ مەزھەپ توقۇنۇشلىرىدىن سۈننىي مەزھىپى بىلەن شىئە مەزھىپى ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ ۋە ئۆزئارا دۈشمەنلىشىش تارىخىغا نەزەر سېلىپ باقايلى: سۈننىي مەزھىپىدىكىلەر ئۆزلىرىنى «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممەتلىرى» دەپ قارايدۇ. شىئە مەزھىپىدىكىلەر بولسا، ئۆزلىرىنى «ھەزرىتى ئەلى تەرەپدارلىرى» دەپ قارايدۇ ۋە شۇ تۈپەيلى بۇ ئىككى مەزھەپتىكىلەر ئۆزئارا پۇت تېپىشىپ، تارىختىن بۇيان نۇرغۇنلىغان نىزا-ماجىرالارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولدى. ئەمەلىيەتتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىم؟ ھەزرىتى ئەلى كىم؟ ھەزرىتى ئەلى بولسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ جىيەنى، يەنى تاغىسى ئەبۇ تالىپنىڭ ئوغلى بولۇپ، شۇنداقلا ئۇ يەنە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈيئوغلى، ھەزرىتى بۈۋى فاتىمەنىڭ جورىسى ئىدى. ئۇ ئىككىلەن ھايات چېغىدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ ياكى ئۆچ-ئاداۋەت بولغانلىقى توغرۇلۇق بىرەر ئەسەردە ئۇچۇر بېرىلگەن ئەمەس. تارىخىي يازما ماتېرىياللاردىن مەلۇمكى، ھەزرىتى ئەلى «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلىچى» دەپ نام ئالغان بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ بارغان «غازات» ئۇرۇشلىرىدا جان پىدالىق بىلەن كۈرەش قىلغان سەركەردە ئىدى. ۋەھالەنكى، كېيىنكى مەزگىللەردە شەكىللەنگەن مەزھەپ-ئېقىملار بۇ مېھرىبان قېرىنداشلارنى نېمىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى؟ ھاياتلىقىدا ئىناق ياشىغان بۇ ئىككى نەپەر ئىسلام دىنى ساھىبىنى بۈگۈنكى كۈندە يۇقىرىقى مەزھەپ - ئېقىملار بىر-بىرىگە دۈشمەن قىلىپ قويدى. بۇنىڭدىن باشقا، ساناپ چىقىدىغان بولساق ئىسلام دىنىدا ھازىر 100 دىن ئارتۇق مەزھەپ ۋە سۇلۇكلەر بار. ئىسلام بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغان بۇ مەزھەپ-گۇرۇھلارنىڭ بىر قىسمى دىنىي تونىغا ئورىنىۋېلىپ، ھازىر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىسلام دىنىنىڭ نامىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ تۇرۇپ، بىگۇناھ مۇسۇلمان ئاممىسىنى قىرغىن قىلىپ قان تۆكۈۋاتىدۇ. ئۆزلىرى ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتىۋالغانلىكى جايلاردا ئىلىم-پەننى، تەرەققىياتنى، يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلىشنى چەتكە قېقىپ، ھەدەپ كونىلىقتا، مۇتەئەسسىپلىكتە چىڭ تۇرۇپ، شۇ جايلاردىكى خەلق ئاممىسىغا دەھشەتلىك رەۋىشتە زىيانكەشلىك قىلىۋاتىدۇ، باللار-ئۆسمۈرلەرنى ۋە ئاياللارنى تەربىيەلىنىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىگە چېكىنىش گىردابىغا قىستاۋاتىدۇ. ھازىرقى ئافغانىستان، ئىراق، سۈرىيە، مىسىرلاردا يۈز بېرىۋاتقان كىرىزىسلار دەل بۇنىڭ كۈچلۈك پاكتى! يېقىندا «ئۇرۇمچى كەچلىك گېزىتى»گە بېسىلغان ئىراقتىكى يېڭى رادىكال ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنىدا قىزلارنىڭ توي قىلىش يېشى توققۇز ياش قىلىپ بېكىتىلگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر جامائەتنىڭ نەزەرىدە بولسا كېرەك. ئويلاپ باقايلى، توققۇز ياشلىق بالا باللىق ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن بولىدىغان، ئوقۇش يېشىدىكى بالىغۇ! ھېلىقى بەتبەخ، ئاتالمىش «مۇسۇلمان»لار جىسمانىي ۋە فىزىئولوگىيەلىك جەھەتتىن تېخى تولۇق يېتىلمىگەن ئەنە شۇ گۆدەك قىز باللارنى قايسى قىسمەتكە دۇچار قىلماقچى؟ بۇ خەۋەرنى ئوقۇپلا، بىزنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا باش كۆتۈرگەن بىر تۈركۈم ئەسەبىي دىنىي تەلۋىلەرگە بەزى ئاتا-ئانىلارنىڭ ئاتالمىش «ئاخىرەتلىك ساۋاب»قا ئېرىشىش مەقسىتىدە ئۆز رازىمەنلىكى بىلەن «دۇئا قىلدۇرغان»لىقى تۈپەيلىدىن، ھەر تەرەپلىمە خورلۇققا ئۇچراۋاتقان نارەسىدە كىچىك قىزلار كۆز ئالدىمغا كەلدى. مەنتىقە جەھەتتىن ئېيتقاندا، قىزلار بولسا مىللەتنىڭ ئانىلىرى، قىز-ئاياللىرى ياخشى تەربىيەلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن مىللەتلەرنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ ساپالىق ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. قىز-ئاياللىرى ياخشى تەربىيەلىنىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم بولغان مىللەتنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ بۈگۈنكى رىقابەت دەۋرىدە زەبۇنلۇق، يوقىلىش تەقدىرىگە دۇچار بولىدۇ. بۈگۈنكى دۇنيادىكى يەھۇدىي ئاياللىرى بۇنىڭ تىپىك مىسالى. چۈنكى يەھۇدىيلار قىز پەرزەنتلىرىنى ھەرقانداق بەدەلگە قارىماي ئالىي مائارىپ تەربىيەسى بىلەن تەربىيەلەيدۇ. تەربىيە كۆرگەن ساپالىق ئانىنىڭ تەربىيەسىدە ئۆسكەن ئەۋلادمۇ ساپالىق ئادەم بولۇپ يېتىلىدۇ. ئەۋلادىنىڭ ساپاسى بولمىغان ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ نوپۇسى ھەر قانچە كۆپەيگىنى بىلەنمۇ، ئۇلارنىڭ ھايۋاندىن قىلچە پەرقى بولمايدۇ. بۇنداق ساپاسىز ئىنسانلار توپى ھازىرقى جەمئىيەتكە نىسبەتەن خاتىرجەمسىزلىك ۋە تەپرىقات خۇرۇچى بولۇپلا قالماي، يەنە يەر شارى ئۈچۈنمۇ ئارتۇقچە يۈك بولۇپ قالىدۇ، خالاس! «قۇرئان كەرىم» نىڭ روھىدىن قارىغاندىمۇ، بۇنداق پاجىئەنى ئۆز بەندىلىرىگە ئاللامۇ ھېچقاچان راۋا كۆرمەيدۇ!

ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كالامى بولغان «قۇرئان كەرىم»دە، مۇسۇلمان ئۈممەتلىرىنىڭ بىرلىك، ئىتتىپاقلىقىنى تەكىتلىگەن چاقىرىقلار ئىنتايىن كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇ-

نىڭدا يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللەردىكى غالە-
بىيەتلىرى، ئاخىرقى ھېسابتا، مۇسۇلمانلارنىڭ پۈتكۈل
دۇنيادا غالىب ئورۇنغا ئۆتىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ھۆ-
كۈملەرمۇ بار. لېكىن ھازىرقى دۇنياغا قاراپ باقايلى، مۇ-
سۇلمانلار ھازىر قايسى دەرىجىگە يەتتىكىن؟ نۆۋەتتە كۆ-
رۈۋاتقىنىمىز مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى ھەرقايسى مەز-
ھەپلەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىۋاتقان قانلىق كۈرەش، قىر-
غىنچىلىق، شۇنداقلا ئىسلام ئۈممەتلىرىنىڭ ئۇرۇش ۋەي-
رانچىلىقىدا يۇرت-ماكانىدىن ئايرىلىپ، ئاچ-يالىڭاچلىق،
مۇساپىرلىق، سەرسانلىق گىردابىدا، ئەقەللىي ياشاش ھو-
قۇقىدىنمۇ مەھرۇم بولۇپ، دەھشەتلىك پاجىئەلەرگە
دۇچار بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز! مۇسۇلمان دۇنياسى-
دىكى بىرلىك، ئىتتىپاقلىق بۇزۇلۇپ، چاك-چېكىدىن پار-
چىلىنىپ، مۇرەسسەگە كەلگۈسىز دەرىجىدە ئۆزئارا دۈش-
مەنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز! دەل بۇنىڭ ئەك-
سىچە، مۇسۇلمانلار ئۆزىگە دۈشمەن كۆرىدىغان خرىستى-
يان دۇنياسىنىڭ، يەنى ئوتتۇرا-غەربىي ياۋروپا ئەللىرىنىڭ
بولسا، بىر گەۋدىگە ئۇيۇشۇپ، ئىتتىپاق تۈزگەنلىكىنى،
20 دىن ئارتۇق دۆلەتنىڭ پۇللىرىنىڭمۇ بىرلىككە كەلتۈ-
رۈلگەنلىكىنى، ياۋروپا ئىتتىپاقىغا تەۋە بولغان ھەرقايسى
ئەل پۇقرالىرىنىڭ ئۆزئارا ۋىزىسىز ھەرقايسى دۆلەتلەرگە
كىرىپ-چىقالايدىغان دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋاتى-
مىز! بىرەر دۇنياۋى چوڭ مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە، ياۋ-
روپا ئەللىرى بىلەن شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسى ۋە ئوكيانى-
يە قىتئەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «غەرب» دۇنياسىنىڭ بىر
مۇقامغا بىردەك تولۇلاپ، بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن
قول چىقىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز! بۇ ئەھۋاللار ھەرقان-
داق بىر ئىسلام ئالىمىنى، ھەرقانداق بىر ئىسلام ئۆلىما-
سىنى، شۇنداقلا، ھەر بىر مۇسۇلماننى چوڭقۇر ئويغا سېلى-
شى كېرەك دەپ ئويلايمەن. ئىسلام شەرىئىتى ۋە
«قۇرئان كەرىم»نىڭ تەلىماتلىرى بويىچە بولغاندا، مۇ-
سۇلمانلار ئەسلىي بۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالماسلىقى
كېرەك ئىدى. چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تە-
سەۋۋۇرىدىكى مۇسۇلمانلار ھازىرقى مۇسۇلمانلارغا ھەر-
گىزمۇ ئوخشىمايدۇ. بۇ ھەقتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامە-
نىڭ: «ئادەملەرنىڭ خار ۋە زەبۇن بولۇشىغا سەۋەب بو-
لىدىغان نەرسە، نادانلىق بىلەن تەپرىقىچىلىكتۇر» دېگەن
بىر جۈملە ئۇلۇغ ھېكمىتىمۇ بار. بىر قانچە يىل ئىلگىرى،
ئىسرائىلىيەنىڭ سابىق زۇڭلىسى نىتانياخۇ بىلەن بىر مۇخ-
بىرنىڭ مۇنداق بىر سۆھبەت خاتىرىسى ئىنتېرنېتتا ئېلان

قىلىنغان: مۇخبىر 1998-يىلى 12-دېكابىردا نىتانياخۇ-
دىن: «مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبىرى ئەينى چاغدا سىلەر
يەھۇدىيلارنى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا تۈگىشىدۇ دېگەنى-
كەن، سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟» دەپ سورىغان. بۇ
سوئالغا نىتانياخۇ قىلچە ئىككىلەنمەي تۇرۇپ:
«ئۇلارنىڭ قولىدا يوقىلىدىغان يەھۇدىيلار بىز ئەمەس.
چۈنكى بىزنى يوقىتالايدىغان ئەرەب مۇسۇلمانلىرى ھا-
زىرقى ئەھۋالدىكى مۇسۇلمانلار ئەمەس» دەپ جاۋاب
بەرگەن. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، نىتانياخۇنىڭ ھازىرقى
دۇنياۋى رېئاللىقنى كۆزدە تۇتۇپ بەرگەن بۇ جاۋابى ھا-
زىرقى ئىسلام مۇخلىسلىرىنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىن
ئاينىپ، مۇھەممەد پەيغەمبەر زامانىدىكى مۇسۇلمانلىق
ئەھكاملىرىدىن نەقەدەر يىراقلىشىپ كەتكەنلىكىگە قارىتا
قىلىنغان بىر كۈچلۈك مەسخىرە خالاس! قىسقىسى، ھازىر
قى دۇنيانى قويۇپ تۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىلا مىسال-
غا ئالايلى، يېقىنقى بىر قانچە يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ
ھەرقايسى جايلىرىدا دىنىي نىقاب قىلىۋالغان ئەسەبىي
كۈچلەرنىڭ ھەرىكىتى زادىلا تىنچىپ باقمىدى. ئۇلار ھەر
ۋاقىت خەلقنىڭ خاتىرجەملىكىگە ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىغا
تەھدىت پەيدا قىلىپلا قالماي، يەنە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان
ئاممىنى قايمۇقتۇرۇپ، ئەسلىدىكى سۈننىي مەزھىپىگە
تەۋە بولغان شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا قۇتراتقۇ-
لۇق قىلىپ، تۈرلۈك غەيرىي مەزھەپلەرنى بازارغا سالدى،
نەتىجىدە دۇنيانىڭ باشقا رايونلىرىدىكى مۇسۇلمانلار ئا-
رىسىدا يۈز بېرىۋاتقان مەزھەپ توقۇنۇشى ھازىر شىنجاڭ
رايونىغىمۇ سىڭىپ كىردى. شۇنىڭ بىلەن ھازىر ھىجاپلىنى-
ۋاتقان ئاياللار كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىپ، قۇرام جەھەتتىنى-
مۇ بارغانسېرى ياشلىششقا يۈزلىنىۋاتىدۇ. بۇ چېكىدىن
ئاشقان ئەسەبىي دىنىي رادىكاللارنىڭ ئىش-ئەمەللىرىگە
قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا قىلچە مىللىيەت
روھى بىلەن كىملىك ئېڭى دېگەنلەرنى تاپقىلى بولمايدۇ.
ئۇلاردا ئەنئەنە بىلەن ئېتىقادنىڭ پەرقىنى ئايرىش، ئۆزد-
نىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قوغداش، دېگەن ئەقەللىي
ئاڭمۇ يوق بولۇپ، جەمئىيەتكىمۇ ئۆز نەزەرىدىكى «مۇ-
سۇلمانلىق» ۋە «دەھرىيلىك» ئايرىمىسى بويىچە مۇئامە-
لە قىلىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار ھازىر ئېتىقاد تەلۋىلىكى تۈپەي-
لى، ئۆزىنىڭ قارشى تۇرۇش ئوبيېكتىنى تاللىغاندا مىللەت
ئايرىپ ئولتۇرمايدىغان بولدى، ھەتتا ئۆز مىللىتىدىن
بولغان كادىر، ئىشچى-خىزمەتچىلەرگىمۇ قىلچە تەپتارت-
ماستىن ھۇجۇم قىلىدىغان، قول سالىدىغان دەرىجىگە



يەتتى. ھازىر مۇسۇلمانلىقنىڭ ئەڭ ئەقەللىي بەلگىسى بولغان ئىبادەت قىلىش ئۇسۇلى مەسىلىسىدىكى ئىختىلاپ شىنجاڭ رايونىدا ئىنتايىن كەسكىنلىشىپ كەتتى، شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىنى تىلغا ئالمىساقمۇ، خۇسۇسەن ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى مۇسۇلمانلار مەسچىتلىرىدە يۈز بېرىۋاتقان ئەھۋاللارغا كەلسەك، مەسچىتلەرگە بارسىڭىز، مەسچىت جامائەتلىرىنىڭ ئىبادەت شەكلىنىڭ خىلمۇخىل بولۇپ، بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆرىسىز. ماۋۇ مەسچىتنىڭ ئىمامىنى ئاۋۇ مەسچىت جامائىتىدىكىلەر ئىنكار قىلىدۇ، ئاۋۇ مەسچىتنىڭ ئىمامى قىلغان تەبلىغنى ماۋۇ مەسچىتنىڭ ئىمامى تەنقىدلەپ سۆكىدۇ. بۇ ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنى ئاساس قىلغان ھەرقايسى مەسچىتلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى. لېكىن مەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان باشقا مىللەتلەرنىڭ مەسچىتلىرى ۋە ئىبادەت شەكىللىرىنى كۆزىتىپ باقسام، ئۇلاردا ھەرھالدا ئۇيغۇرلاردىكىدەك ئىناقسىزلىق يوق ئىكەن. ھازىر ئىسلام ئەللىرىدىكى بىر قىسىم ئىسلام رادىكاللىرى ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىي غەرەزلىرىنى ۋە تۈرلۈك - تۈمەن قارا نىيەتلىرىنى ئىسلامىيەت نىقابىغا ئوراپ، بۇنى كەڭ مۇسۇلمان دۇنياسىغا زورلاۋاتلارچە تېڭىشقا ئۇرۇنماقتا. شۇ ئارقىلىق ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ئۆزلىرىنىڭ تۈرلۈك سەپسەتىلىرى بىلەن قايمۇقتۇرۇپ، ئۇلارنى ئىنسانىيەتكە قارشى قويۇپ، دۇنياۋى تەرەققىيات بىلەن دۈشمەنلىشىشكە، تارىخ تەرەققىياتىنى كەينىگە چېكىندۈرۈشكە كۈشكۈرتۈپ، پۈتكۈل ئىسلام مۇخلىسلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ رەزىل مەقسەتلىرىنىڭ قۇربانلىرىغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت تويۇق يولغا ئېتىرمەكتە، مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق دۇنيا مىقياسىدا خېلى زور ئابرۇيى - نوپۇزىغا ئىگە بولغان ئىسلام دىنىنىڭ ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنماقتا. بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسىگە كەلمەي تۇرالمايمىزكى، ھەرقايسى مەدەنىيەتلەر ئۆزئارا كۈچلۈك توقۇنۇشۇۋاتقان ھازىرقى دۇنيادا، ئەگەر ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى داۋاملىق مۇشۇنداق بۇرمىلانغان پېتى كېتىۋەرسە، مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكىلەر «قۇرئان كەرىم» نىڭ ھۆكۈمى بويىچە، ئاخىرقى ھېسابتا دۇنيانىڭ «غالىبلىرى»غا ئايلىنالمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئىسلامىي ئەجدادلىرى ياراتقان مۇكەممەل ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئۆز قولى بىلەن خارابلىق ۋە ھالاكەت تەقدىرىگە دۇچار قىلغان بولىدۇ.

دۆلىتىمىز بولسا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەت بولۇپ، 56 مىللەتتىن تەركىب تاپقان 1 مىليارد 300 مىليوندىن ئارتۇق ئاھالىگە ئىگە. بۇ ئاھالىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى ھەر خىل بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا بۇددا ئېتىقادىدىكىلەر، بۇددا دىنىنىڭ گېلۇ (خۇاڭجياۋ) مەزھىپىدىكىلەر، كۇڭزىچىلىق، تويىن (داۋجياۋ) ئېتىقادىدىكىلەر، خرىستىيانلار ۋە مۇسۇلمانلار بار. مۇشۇنداق مىللەت سانىمۇ كۆپ، دىنىي ئېتىقاد قاتلاملىرىمۇ مۇرەككەپ بولغان بىر دۆلەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، جەمئىيەت مۇقىملىقىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقى ھەممىمىزگە بەش قولدەك ئايان. ئەگەر ئېلىمىزدەك ئاھالىسى كۆپ مۇشۇنداق بىر مەملىكەتتە ھەر قانداق بىر سەۋەبتىن پاراكەندىچىلىك تۇغۇلسا، ئۇ چاغدا بۇ ئەھۋال 100 مىليونلىغان ئاھالىنىڭ ئاچارچىلىق ۋەھىمىسىدە قالىدىغانلىقىدىن، پۈتكۈل جەمئىيەتكە ئوغرى - بۇلاڭچى، قاتىللار يامراپ، جۇڭگو ئاھالىسىنىڭ ئەقەللىي بىخەتەرلىك تۇيغۇسىمۇ يوقىلىدىغانلىقىدىن، جاھاننى قالايمىقانچىلىق قاپلاپ، ھەددى - ھېسابسىز كۆپ ئادەمنىڭ سەرگەردانلىق تەقدىرىگە دۇچار بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇ چاغدىكى ئاقىۋەتلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىش تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئىش! شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھاكىمىيەت قاتلىمىدىكى رەھبەرلەر

پۈتكۈل مەملىكەت ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش يۈزىسىدىن بىر قاتار زۆرۈر تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئېلىمىز خەلقىنى تىنچ، سىجىل تەرەققىيات يولىدا مېڭىشقا يېتەكلەپ، خەلقنى خاتىرجەم تۇرمۇش شارائىتىغا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە. ئەمما شۇنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىمىز كېرەككى، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ساقلاش، سىجىل تەرەققىيات نىشانىنى بويلاپ ئېغىشماستىن دادىللىق بىلەن كۈرەش قىلىش، خەلقنى خاتىرجەملىك ۋە ئاسايىشلىققا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىش يالغۇز ھۆكۈمەتنىڭلا ۋەزىپىسى بولماستىن، بەلكى پۈتكۈل مەملىكەتتىكى ھەر مىللەتتىن بولغان ئارمىيە ۋە خەلقنىڭمۇ مۇقەددەس ۋەزىپىسى. ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، جۇڭگو ئۇزاق مەزگىللىك تىنچ تەرەققىيات مۇھىتىغا موھتاج. چۈنكى جۇڭگو جەمئىيىتى تېخى تولۇق يۈسۈندا ھاللىق جەمئىيەت باسقۇچىغا كىرىپ بولالمىدى. پۈتكۈل جۇڭگو خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ھاللىق سەۋىيەگە يەتكۈزۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش — بۇ ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس. شۇنداقلا بىر يېرىم مىلياردقا يېقىن ئاھالىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ، ھازىرقىدەك مۇقىم ۋەزىيەتتە تىزگىنلەپ تۇرۇشمۇ پەقەت جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قولىدىن كەلگەن بىلەن، دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر ھۆكۈمەتنىڭ قولىدىن كېلىۋېرىدىغان ئاسان ئىشمۇ ئەمەس. شۇڭا ھەر بىر جۇڭگو ئاھالىسى يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ساقلاشقا بىر ئۈلۈش كۈچ قوشالىسىلا، بۇ ئۇنىڭ ۋەتەن، ئەل-يۇرت ۋە خەلق ئالدىدىكى بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلغانلىقى بولىدۇ. بۇ نىشانغا يېتىشتە، بىز پۇقرالاردىنمۇ ئۈزلۈكسىز تىرىشىپ، ئىجادكارلىق ۋە يېڭىلىق يارىتىشقا دادىل جۈرئەت قىلىش، ئۆزىمىزنى داۋاملىق تەربىيەلەپ، دۇنياۋى تەرەققىياتنىڭ كۈچلۈك تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىش روھىنى جارى قىلدۇرۇش، ھەرقانداق ئەھۋالدا ھۆكۈمەتكە زىچ ماسلىشىپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم يولىدا تەۋرەنمەي قەتئىي مېڭىش، ئىلغار مەدەنىيەتنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھەسسە قوشۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

ھازىرقى كۈندە ئىلغار مەدەنىيەتنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسى ئېلىمىزگە نىسبەتەن ۋەزىيەتنىڭ جىددىي تەقەززاسى بولۇپ قالدى. شۇڭا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بۇ يىلنىڭ بېشىدا ئېچىلغان ئىككى يىغىندا ئاممىۋى لۇشيەننى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى يەنىمۇ ياخشىلاش ۋە ئۆستۈرۈش خۇسۇسىدا بىر قاتار ياخشى چارە-تەدبىرلەر يولغا قويۇلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە ئىلغار مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ياخشى قوغداش ۋە ئۇنىڭ ئېلىمىزدىكى خەلق تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە بولغان زۆرۈرىي يېتەكچىلىك رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيەسىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈش توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇقلارنى بەردى. ئەنە شۇ يوليورۇقلارنىڭ تۈرتكىسىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى مەركەزنىڭ يۇقىرىقى فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن زور تۈركۈمدىكى ئورگان كادىرلىرىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ، ئۇلارنى ۋەزىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش، خەلق ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى دەل ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، خەلقنىڭ ھالىغا يېتىش، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ نامرات ئاممىنى بېيىشقا يېتەكلەش خىزمەتلىرىگە يېقىندىن ياردەمدە بولۇش قاتارلىق ئاممىۋى خىزمەتلەرگە بىۋاسىتە قاتناشتۇردى. نەتىجىدە، يېقىنقى قىسقىغىنە بىر-ئىككى ئاي ۋاقىت ئىچىدىلا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت-ئوبلاستلاردا بۇ خىزمەتلەر كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە خەلق ئاممىسى ئۆزئارا بىر-بىرىنى توغرا تونۇپ، بىر-بىرىگە بولغان ئىشەنچىسى ئاشتى. بۇ ئارقىلىق كادىرلار بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ ئىناقلىقى ئىشقا ئېشىپ، خەلقنىڭ ھۆكۈمەت رەھبەرلىكىگە بولغان ئىشەنچىسى ۋە مىننەتدارلىق تۇيغۇسىمۇ ھەسسىلەپ ئاشتى. ئىشىنىمىزكى، جايلاردىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ۋە كادىرلىرىمىزنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، يۇرت-يۇرتلاردا ئىلغار مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرگە بولغان يېتەكچىلىك رولى تولۇق ۋە ياخشى جارى قىلدۇرۇلۇپ، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدا مىسلىسىز زور نەتىجىلەر قولغا كېلىدۇ. بۇ جەرياندا، تۆۋەندىكى كەڭ ئامما ھەق-ناھەقنى توغرا تونۇپ، ياخشى-يامانىنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرەلەيدۇ. ئۆز يۇرتىدىكى مۇقىمسىزلىق ئامىللىرىنى پات ئارىدا تۈگىتىپ، كادىرلارنىڭ توغرا يېتەكچىلىكىدە بېيىش يولىغا مېڭىپ، تۇرمۇش شارائىتىنى كۈندىن-كۈنگە ياخشىلاپ، گۈزەل يۇرت-ماكان قۇرۇپ چىقالايدۇ.

(ئاپتور: شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۇيغۇر تەرجىمە-تەھرىر بۆلۈمىدە)



# خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى پەردازچىلىق مەدەنىيىتى ۋە سالامەتلىك





## قۇربانجان ئوبۇل

تارىخ بېتىنى ۋاراقلايدىغان بولساق، بىر قولىدا بۆشۈكنى تەۋرەتسە، يەنە بىر قولىدا دۇنيانى تەۋرىتىدىغان مېھرىبان ئانىلىرىمىز ۋە خانىم-قىزلىرىمىز چېچىنى ئۇششاق ئۆرۈپ يېلىم چېپىش، قېشىغا ئوسما قويۇش، كۆزىگە سۈرمە تارتىش، چىشىغا مىسۋاك ئىشلىتىش، تىرناقلىرىغا خېنە يېقىش قاتارلىق ئەنئەنىۋى گۈزەللەشتۈرۈش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، سالامەتلىكىنى ئاسراپ، ئۆزلىرىنىڭ گۈزەللىكىنى ۋە لاتاپىتىنى نامايان قىلىپ كەلگەن. شۇڭا تارىختا ئۆتكەن يازغۇچى-شائىرلار، قەدىمكى ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنى تەسۋىرلەشتە، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ سۇمباتلىق ئۇزۇن چېچى، ھىلال ئايدەك قاپقارا قېشى، تال چىۋىقتەك ئۇزۇن كىرپىكى، سەدەپتەك ئاپپاق چىشى، مەرۋايىتتەك پارقىراق تىرناقلىرى دەپ ئۆتكۈر تىللار بىلەن تەسۋىرلىگەن. ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ ئۇزاقتىن بېرى تىللاردا داستان بولۇپ، مەدھىيەلىنىپ كېلىۋاتقان گۈزەللىكىنىڭ ئاساسى بولغان چېچىنى ئۇششاق ئۆرۈپ يېلىم چېپىش، قېشىغا ئوسما قويۇش، كۆزىگە سۈرمە تارتىش، چىشىغا مىسۋاك ئىشلىتىش، تىرناقلىرىغا خېنە يېقىش قاتارلىق ئەنئەنىۋى گۈزەللەشتۈرۈش ئۇسۇللىرى بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ سالامەتلىكىنى ئاسرىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىغا خاس ئالاھىدىلىكى ۋە گۈزەللىكىنى نامايان قىلىپ كەلگەن. شۇڭا ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرى

سالامەتلىكنى ئاسراشتا ۋە گۈزەللىكنى نامايان قىلىشتا
يۇقىرىكىدەك ئەنئەنىۋى گۈزەللەشتۈرۈش ئۇسۇللىرىنى
قوللىنىپ، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەنئەنىۋى پەرداز-
چىلىق مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ
سالامەتلىكى ۋە گۈزەللىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ،
ساغلام تەندە ساپ ئەقىل ھاسىل قىلغان، شۇنداقلا
بۇخىل ئەنئەنىۋى گۈزەللەشتۈرۈش ئۇسۇللىرىنى، پەرداز-
چىلىق مەدەنىيىتى سۈپىتىدە كېيىنكى زامان ئۇيغۇر خانىم-
قىزلىرىنىڭ سالامەتلىكى ۋە گۈزەللىكى ئۈچۈن مىراس
قالدۇرۇپ كەتكەن. ئۇيغۇر ئالىمى، پەيلاسوپ يۈسۈف
خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئاخىر-
قى قىسىملىرىدا گۈزەللىك ۋە ساغلاملىق ئۈستىدە توختى-
لىپ ئوسما قويۇش، خېنە يېقىش، سۈرمە تارتىشنىڭ ساغ-
لاملىققا بولغان پايدىلىق تەرەپلىرىنى شەرھلىگەن. ئۇنىڭ-
دىن باشقا لوپ ناھىيە سامپۇل يېزىسى قەدىمىي قەبرىس-
تانلىقى (بۇنىڭدىن 3000 يىل ئىلگىرىكى قەبرىلەر)دىن تې-
پىلغان تۆت نەپەر ئايالنىڭ جەستىدىن ئۇلارنىڭ چاچلىرى-
نى ئۆرۈۋالغانلىقى، تىرناقلىرىغا خېنە يېقىۋالغانلىقى بايقال-
غان. بۇنىڭدىن ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا چېچىغا يېلىم
چېپىش، قېشىغا ئوسما قويۇش، كۆزىگە سۈرمە تارتىش،
تىرناقلىرىغا خېنە يېقىش... قاتارلىقلارغا ئوخشاش پەرداز-
چىلىق مەدەنىيىتى بۇرۇندىنلا مەۋجۇت ئىكەنلىكى، شۇن-
داقلا ئۇلارنىڭ شىپالىقلاردىن پايدىلىنىپ سالامەتلىكنى
ئاسراپ، گۈزەللىكى ۋە لاتاپىتىنى نامايان قىلىپ كەلگەن-
لىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

تۆۋەندە مەن خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى پەردازچىلىق
مەدەنىيىتىنىڭ تەن سالامەتلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى
ئۇيغۇر تېبابەت نەزەرىيەسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ
شەرھلەپ ئۆتىمەن.

**1**. يېلىم چېپىش: قەدىمدىن تارتىپ مېھرىبان ئانى-
لىرىمىز ۋە خانىم-قىزلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە
ئاساسەن ماس ھالدا ئۇزۇن چاچ قويۇپ، چاچلىرىغا
جىگدە يېلىمىنى سوقۇپ سۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، مەلھەم
قىلىپ چېپىپ، چاچلىرىنى 40 تال قىلىپ ئىنچىكە ئۆرۈپ،
ئۇزۇن قويۇپ بېرىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل رۇخ-
سارى، نازاكىتى، لاتاپىتى، نازۇكلۇقىنى نامايان قىلىپ
كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن چېچىغا يېلىم چېپىش ئۇسۇلى قە-
دىمكى زامان ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ ئۇزۇن چېچى
ئۈچۈن قوللىنىدىغان بىر خىل چاچ گىرىمى بولۇپ
قالغان. چېچىغا يېلىم چېپىش ئۇسۇلى بولسا قەدىمكى
زامان ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ گۈزەل رۇخسارى، نازا-
كىتى، لاتاپىتىنى نامايان قىلىپلا قالماستىن، بەلكى
ئۇلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى
ئېلىش جەھەتتە ئۆزگىچە رول ئوينىغان. ئادەتتە جىگدە
يېلىمىنىڭ چاچ ئۆستۈرۈش، قارايتىش، باش قىچىشىش ۋە
كېپەكلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاغرىق پەسەيتىش، قۇۋ-
ۋەتلەش، ياللۇغ قايتۇرۇش، تىنچلاندۇرۇش، ھۆللۈكنى
قۇرۇتۇش، قورۇش، تۇتۇش تەسىرى بولغاچقا، ئۇنى
چاچقا چاپقاندا چاچ ئۆستۈرۈش، چاچ قارايتىش مەقسىتى-
گە يەتكىلى، چاچ كېپەكلىشىش، باش قىچىشىشنىڭ ئالدى-
نى ئالغىلى ۋە ئۇنى يوقاتقىلى بولىدۇ، قورۇش، تۇتۇش
تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، چاچ يىلتىزى ۋە چاچ تۈۋىنى چى-
ڭىتىپ، چاچ چۈشۈش ۋە شالاڭلىشىش ئەھۋالىنى يوقاتقى-
لى بولىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىش، تىنچلاندۇرۇش تەسىرى
بولغاچقا، ئۇنى داۋاملىق چاچقا چاپقاندا باش ئاغرىش،
ئۇيقۇسىزلىق، نېرۋا كېسەللىكلىرى، مالخۇلىيا، جۇنۇن،
ھېستېرىيە، سەرئى.قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئال-
غىلى بولىدۇ. قۇۋۋەتلەش تەسىرىدىن پايدىلىنىپ چاچتىكى
قۇۋۋىتى جازىبە، قۇۋۋىتى ماسىكە، قۇۋۋىتى ھازىمە،
قۇۋۋىتى دافىئە قاتارلىق قۇۋۋەتلەرنىڭ خىزمىتىنى ياخشى-
لايدۇ، چاچ بەدەندىكى سەۋدا خىلتىنى ئاساسىي ئوزۇق-
لۇق ماددىسى قىلىدىغان بولغاچقا، چاچتىكى ھەرقايسى
قۇۋۋەتلەر خىزمىتى كۈچەيگەنلىكتىن، بەدەندىكى ئارتۇق
سەۋدا خىلتىنى سۈمۈرۈپ ئۆزىگە ئوزۇقلۇق قىلىپ،
سەۋدا خىلتىنىڭ يىغىلىپ قېلىشىدىن بولىدىغان قان قويۇ-
لۇش، يۇقىرى قان بېسىم، سېمىزلىك، قان مېيى يۇقىرى-
لاش قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.
يەنە قۇۋۋەتلەش تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، باشقا جايلاشقان
مۇھىم رەئىس ئەزا مېڭە ۋە باشقا نېرۋا ئەسەبلەرنى قۇۋ-
ۋەتلەپ، مېڭىدىكى قۇۋۋىتى نەفسانى ۋە باشقا قۇۋۋەتلەر
خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، قۇۋۋىتى نەفسانى كونتروللۇقىدىكى
ئىچكى ۋە تاشقى بەش سېزىم قۇۋۋىتىنى ياخشىلايدۇ،
ياللۇغ قايتۇرۇش، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش تەسىرىدىن پايدى-
لىنىپ، باش قىسمىدىكى ياللۇغلىنىش خاراكتېرلىك تېرە
كېسەللىكلىرى ۋە ھۆللۈك ئارتىپ كېتىشتىن بولغان ھەر
خىل تېرە كېسەللىكلىرىنى يوقاتقىلى بولىدۇ، باش قىسمىدا

جاراھەت بولسا جاراھەتلەرنىڭ ھۆللۈكىنى قۇرۇتۇپ ساقا-
يىشنى تېزلەتكىلى، شۇنداقلا باشتىكى ھۆللۈكنى قۇرۇ-
تۇپ، باش تەرلەشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن
باشقا جىگدە يىلىمىنىڭ تەركىبىدە قەنت، ئاقسىل، تاننىن،
شىلىمشىق ماددا، ئۇچۇچان ماي، ئالكالوئىد، كالتسىي،
ماگنىي قاتارلىق ماددىلار بولۇپ، چاچ، مېڭە، نېرۋا ئە-
سەپلەرنى ئوزۇقلاندۇرغاندىن سىرت، يەنە باش سۆڭەك-
لىرى، باش تېرىسىنى ئوزۇقلاندۇرۇپ، باش سۆڭەك چۇ-
رۇكلىشىش ۋە غەيرىيلىشىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى، باش تې-
رىسىدە يۈز بېرىدىغان تۈرلۈك تېرە كېسەللىكلىرىنى سا-
قايتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

2. **ئۇسما قويۇش:** ئۇسما قويۇش ئۇيغۇر خانىم-
قىزلىرىنىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋات-
قان قېشىغا گىرىم قىلىشتىكى مۇھىم ئۇسۇلى بولۇپ، ئا-
دەتتە ئۇسما يوپۇرمىقىنى سىقىپ قاشقا سۈرتۈلىدۇ. ئۇسما
يوپۇرمىقىنىڭ پارقىرىتىش، قورۇش، چاچ قارايتىش، قاش
ئۆستۈرۈش، مىكرو ئورگانىزمغا قارشى تۇرۇش، ئاق قان
دانچىلىرىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىنى تىزگىنلەش،
راكقا قارشى تۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش، قىزىتما
پەسەيتىش، قاننى سوۋۇتۇش تەسىرى بار، شۇڭا
ئۇنى قاشقا چاپقاندا قاش، كىرپىكنى ئۆستۈ-
رۈش، قارايتىش، پارقىرىتىش مەقسىتىگە يەتك-
لى، قورۇش تەسىرى بولغاچقا قاش تۈۋىنى چە-
گىتىپ قاش چۈشۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى
بولىدۇ. ئۇسما يوپۇرمىقىنىڭ قۇرۇقلۇقى يۇقىرى
بولغاچقا، بۇنى ئۇزاق مۇددەت قاشقا چاپقاندا
قاش ئەتراپىدىكى ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇپ قاپاق
بوشىشىش، قاپاق ساڭگىلاش، قاپاق ئاغرىش قا-
تارلىق كېسەللىكلەرنى يوقاتقىلى ۋە ئالدىنى ئال-
غىلى بولىدۇ. مىكرو ئورگانىزمغا قارشى تۇرۇش،
ياللۇغ قايتۇرۇش، قاننى سوۋۇتۇش، قىزىتما پە-
سەيتىش تەسىرى بولغاچقا، قاشقا چاپقاندا تەسى-
رى پېشانىدىكى غول قان تومۇرغا ئۆتۈپ،
مىكرو ئورگانىزم تەسىرىدىن ۋە قاننىڭ ھارارىتى
ئارتىپ كېتىشتىن بولغان تارقىلىشچان مېڭە
پەردە ياللۇغى، گۆرەن بەز ياللۇغى، جىگەر يال-
لۇغى، باش ۋە كۆز قىسمىغا پەيدا بولغان يەل
تاشما، غەلۋىرەك، بوغما، قىزىل، يۇقىرى قىزىت-
ما قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ، راكقا
قارشى تۇرۇش تەسىرى بولغاچقا، قاشقا چاپقاندا قاپاق را-
كىنىڭ ئالدىنى ئالغاندىن سىرت، يەنە تەسىرى پېشانىدى-
كى غول قان تومۇرغا ئۆتۈپ، قان تەركىبىدىكى راك ھۇ-
جەيرىلىرىنى تورمۇزلاپ باشقا ئەزالاردا پەيدا بولىدىغان
تۈرلۈك راك كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ،
ئاق قان دانچىلىرىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىنى تىزگىنلەش تە-
سىرىدىن پايدىلىنىپ، تەسىرى يۇقىرىقىدەك جەريانلار
ئارقىلىق پېشانىدىكى غول قان تومۇرغا ئۆتۈپ قان تەر-
كىبىدىكى ئاق قان دانچىلىرىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىنى تىز-
گىنلەپ، ئاق قان كېسىلى، قان ئازلىق، ئاق قان راكى
ۋە باشقا ئاق قان دانچىلىرىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىدىن
بولغان تۈرلۈك كېسەللىكلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلانغى-
لى بولىدۇ، ئۇسما تەركىبىدە كىسانتىن، ئامىنو كىسلاتا-
سى، ئۇراتسىل، ئۇردىن، لىندىكان، گىلىكوزىدى، گىلى-
كوبراسسىن قاتارلىق ماددىلار بولۇپ، ئۇزاق مۇددەت
قاشقا چاپقاندا قاش، قاپاق، كۆز، يۈز مۇسكۇللىرى، مېڭە



قاتارلىق ئەزالارنى ئوزۇقلاندۇرۇپ، خىزمىتىنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. ئوسمىنىڭ تەسىرى سوغۇق بولۇپ، ياللۇغ قايتۇرۇش، قاننى سوۋۇتۇش، قىزىتما پەسەيتىش تەسىرى بولغاچقا، قاشقا چاپقاندا كۆزگىمۇ تەسىر قىلىپ كۆزنىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىش، كۆز بېسىمىنى يەڭگىللىتىش، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى، كۆز قىزىرىش، كۆز ئېچىشىش، كۆزگە سۇ چۈشۈش، كۆز تورلىشىش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى يوقاتقىلى بولىدۇ.

**3. سۈرمە تارتىش:** سۈرمە تارتىشمۇ ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرى ئارىسىدا بۇرۇندىن تارتىپ قوللىنىپ كېلىۋاتقان بىر خىل گىرىم قىلىش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇ بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ كۆزىگە گىرىم قىلىشتىكى خاس ئۇسۇلى بولسىمۇ، قەدىمكى زاماندا ئۇيغۇر ئەرلىرىمۇ تۈرلۈك كۆز كېسەللىكلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇنى كۆزىگە تارتقان. يەكەن سەئىدىيە خانلىقى زامانىسىدا يەكەندە ياشىغان مەشھۇر ئۇيغۇر ھەكىمى سۇلتان ئەلىنىڭ «دەستۇرۇلئىلاج» (داۋالاش دەستۇرى) ناملىق ئەسىرىدە كۆز كېسەللىكلىرىنى سۈرمە بىلەن داۋالاشقا ئائىت نۇرغۇنلىغان بايانلار خاتىرىلەنگەن، شۇنداقلا سۈرمە رۇشنائى، شىيافى سۈرمىگە ئوخشاش كۆپلىگەن دورا نۇسخىلىرى تونۇشتۇرۇلغان، ئەجدادلىرىمىز سۈرمىنىڭ شىپالىق تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، كۆز كېسەللىكلىرىگە شىپالىق بولغان سۈرمە تەركىبلىك دورىلارنى ئىجاد قىلىپ ۋە ئۇلارنى مۇناسىپ ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ لايىقلاشتۇرۇپ، كۆز كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىپ ناھايىتى ياخشى ئۈنۈملەرنى قولغا كەلتۈرگەن، بۇنىڭ تۈرتكىسىدە 60، 70 ياشتىن ھالقىغانلاردىمۇ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاش ئەھۋالى كۆرۈلمىگەن. ئەجدادلىرىمىز سۈرمىنى كۆزنى روشەنلەشتۈرگۈچى دورا سۈپىتىدە ئىشلىتىپ كەلگەندىن باشقا، يەنە ئۇنى ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىغا گۈزەللىك يالدامىسى سۈپىتىدە قالدۇرۇپ كەتكەن. ئادەتتە سۈرمە بىر خىل مەدەن تاش بولۇپ، رەڭگى قارىغا مايىل كۆكۈش، پارقىراق، ۋەزنى ئېغىر، پارچىلىغاندا ھەر خىل شەكىلدىكى دانچىلارغا ئايرىلىپ، ئوخشاش بولمىغان پارقىراق نۇرلۇق شەكىللەرنى ھاسىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ تەبىئىتى 3-دەرىجىدە قۇرۇق، 2-دەرىجىدە سوغۇق بولۇپ، كۆشتە قىلىنىپ ئۇندەك يۇمشاق سوقۇلۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ ئاندىن كۆزگە تارتىلىدۇ. سۈرمىنىڭ كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، قان توختىتىش، ئارتۇق گۆشلەرنى يېيىش، كۆزنى ئاسراش، كىرپىكنى ئۆستۈرۈش ۋە قارايتىش، ھارارەت پەسەيتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، باش ئاغرىقىنى پەسەيتىش، تېرىنى پارقىرىتىش، جاراھەتنى تازىلاش ۋە پۈتتۈرۈش قاتارلىق تەسىرى بار. سۈرمىنى كۆزگە داۋاملىق تارتىپ بەرگەندە ئۇنىڭ يۇقىرىقى تەسىرىدىن پايدىلىنىپ كىرپىكنى ئۇزۇن، قارا، پارقىراق قىلغاندىن سىرت، يەنە كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىق، كۆز ياشاڭغىراش، كۆز قىچىشىش، كۆز جاراھىتى، كۆزگە تىرناقسىمان گۆش ئۆسۈش، كۆزگە ئاق چۈشۈش، يىراقنى كۆرەلمەسلىك، كىرپىك چۈشۈپ كېتىش، كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردە ياللۇغى، كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىلىرىگە قان تولۇش، كۆز قاپاقلىرىغا يىرىڭلىق چاقا چىقىش، يېقىننى كۆرەلمەسلىك، نامازشام قارىغۇسى قاتارلىق تۈرلۈك كۆز كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. سۈرمىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق سوغۇق بولغاچقا، كۆزنىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىپ، كۆز بېسىمىنى يەڭگىللىتىش، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش ۋە كۆز قىزىرىش، كۆز ئېچىشىش، كۆزگە سۇ چۈشۈش، كۆز تورلىشىش قاتارلىق ئەھۋاللارنى يوقىتىش، كۆز قان تومۇرلىرىنىڭ قېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرى بولغاچقا، كۆزگە تارتىپ بەرگەندە كۆز ئاغرىقى، قاپاق ئاغرىقى، باش ئاغرىقى، شەقىقە (باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش) قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالىغىلى، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش تەسىرىدىن پايدىلىنىپ كۆز ئەتراپىدىكى ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇپ، كۆز ياشاڭغىراش، ھۆللۈك ئېشىپ كېتىشتىن بولغان قاپاق ساڭگىلاش، قاپاق بوشىشىپ كېتىش قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ۋە داۋالىغىلى بولىدۇ.

**4. يۈزىگە گىرىم قىلىش:** قەدىمدە ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرى يۈزىگە گىرىم قىلىشتا ئۆز تۇرمۇشىدا بار بولغان نەرسىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ يۈز تېرىسىنى ئاسرىغان. مەسىلەن، قاشتېشى، مەرۋايىت قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئۇپا ئورنىدا يۈزىگە سۈركىگەن. ئادەتتە قاشتېشى، مەرۋايىت قاتارلىق دورىلارنىڭ پارقىرىتىش، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، سىلىقلاشتۇرۇش تەسىرى بولغاچقا، بۇلارنى سوقۇپ يۈزىگە سۈرتۈش

ئارقىلىق يۈز تېرىسىنى سىلىق، پارقىراق قىلىش مەقسىتىگە يەتكەندىن سىرت، يۈزدىكى داغ، سەپكۈن، مۇدۇرچاقا قاتارلىقلارنى يوقىتىش، يۈز تېرىسى يېرىلىش، قۇرغاقلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەسىرىنى بېرىدۇ. يەنە بىر قىسىم ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرى يۈزى قۇرغاقلىشىپ قالغاندا خام قايماقنى يۈزىگە سۈرتكەن. ئادەتتە خام قايماقنىڭ ھۆللۈك يەتكۈزۈش، تېرىنى پارقىرىتىش تەسىرى بولغاچقا، يۈز تېرىسىنىڭ يېرىلىش، قۇرغاقلىشىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بىر قىسىم ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرى يۈز تېرىسى يېرىلغاندا، ياڭاق مېغىزىنى ئېزىپ يۈزىگە سۈركىگەن. ياڭاق مېغىزى تەركىبىدە ماي ماددىسى يۇقىرى بولغاچقا، بۇنى سۈركەش ئارقىلىق يۈز تېرىسى يېرىلىش ۋە قۇرغاقلىشىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. يەنە بىر قىسىم ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرى يۈز تېرىسى بوشىشىپ قالغاندا شاپتۇل مېغىزىنى ئېزىپ يۈزىگە سۈركىگەن. شاپتۇل مېغىزىنىڭ تەبىئىتى ئىسسىق بولۇپ، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش تەسىرى ياخشى بولغاچقا، يۈز تېرىسىگە سۈرتكەندە يۈز مۇسكۇللىرىدىكى ئارتۇقچە ھۆللۈكنى قۇرۇتۇپ، يۈز تېرىسى بوشىشىپ كېتىش ۋە ساڭگىلاپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

5. خېنە يېقىش: خېنە يېقىش ئۇسۇلى بولسا بۇرۇنقى زاماندىكى ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرى قوللانغان گىرىم ئۇسۇلى بولۇپ، ھازىرمۇ ئاز ساندىكى ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرى خېنىنى سۇدا يۇغۇرۇپ ئېھتىياجىغا ئاساسەن قول-پۇت تىرناقلىرى، قول ئالقىنى، چاچ قاتارلىق ئەزالىرىغا يېقىۋالىدۇ. ھېكىم ۋە دوختۇر ھەرى چاندىنىڭ «تاجۇل ئاقاقىير» (ئۆسۈملۈك دورىلار تاجى) ناملىق ئەسىرىدە خېنىنى تۇرلۇك چاچ، تىرناق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىپ ياخشى ئۈنۈم بەرگەنلىكى خاتىرىلەنگەن. ئادەتتە خېنىنىڭ تەبىئىتى ئىسسىق بولۇپ ئاغرىق پەسەيتىش، گۈزەللەشتۈرۈش، چاچ ۋە تىرناقنى قۇۋۋەتلەش، قان توختىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، زەخىملەرنى يوقىتىش، سەۋدا خىلتىنى تەڭشەش، قىزىتما پەسەيتىش، رەڭ بېرىش، پەي-مۇسكۇللارنى قۇۋۋەتلەش، سۆڭەك ئاغرىقىنى توختىتىش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، راك ھۈجەيرىلىرىنى تورمۇزلاش قاتارلىق تەسىرى بار. خېنىنى مەلھەم قىلىپ تىرناقلارغا يېقىلسا، تىرناقنى پارقىرىتىپ قول-پۇت بارماقلىرىنى گۈزەللەشتۈرگەندىن سىرت، يەنە قول-پۇتلاردا كۆرۈلگەن تۇرلۇك كېسەللىكلەرنى داۋالىغىلى بولىدۇ. يەنى سۆڭەك ئاغرىقىنى پەسەيتىش تەسىرى بولغاچقا، بۇنى داۋاملىق تىرناقلارغا يېقىۋالغاندا قول-پۇت بارماق ۋە بوغۇم ئاغرىقلىرىنى يوقاتقىلى، شۇنداقلا قول-پۇت بارماقلىرىنى چىڭىتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. ياللۇغ قايتۇرۇش، قان توختىتىش، زەخىملەرنى پۈتتۈرۈش تەسىرى بولغاچقا، تىرناق يېرىلىش، بارماق ئۇچى يېرىلىش ياكى زەخىملىنىپ قاناش، سۆينەك، شۇنداقلا قول-پۇت بارماقلىرىدىكى جاراھەت ۋە ياللۇغلىنىشلىق تېرە، بوغۇم، تىرناق كېسەللىكلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. خېنىنىڭ تەبىئىتى ئىسسىق بولغاچقا، تىرناق ۋە بوغۇملارنىڭ سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلىرىنى يوقىتىدۇ. پەي-مۇسكۇللارنى قۇۋۋەتلەش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، راك ھۈجەيرىلىرىنى تورمۇزلاش تەسىرى بولغاچقا، بۇنى داۋاملىق تىرناقلارغا يېقىۋالغاندا قول-پۇت بارماقلىرىدا كۆرۈلىدىغان تىرناق راكى، تېرە راكى، سۆڭەك سىلى، بوغۇم سىلى، بوغۇملار چۈرۈكلىشىش قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ، قول ئالقىنىغا يېقىۋالغاندا، ئالقاندا قان تومۇر مول بولغاچقا، ئۆزىنىڭ ئىسسىقلىقى ئارقىلىق قان تومۇرلارنى كېڭەيتىپ، قان ئايلىنىشنى راۋانلاشتۇرۇپ بارماق، تىرناق، بوغۇم كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئالغاندىن سىرت، يەنە قاننىڭ يۈرەككە قايتىپ بېرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يۈرەكنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىپ تۇرلۇك يۈرەك كېسەللىكلىرىنى داۋالىغىلى بولىدۇ، راك ھۈجەيرىلىرىنى تورمۇزلاش تەسىرى بولغاچقا، تەسىرى قول ئالقىنىدىكى قان تومۇرغا شۈمۈرۈلۈپ، قاندىكى راك ھۈجەيرىلىرىنى تورمۇزلاپ، باشقا ئەزالاردا پەيدا بولىدىغان تۇرلۇك راك كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ۋە راكنىڭ تەرەققىياتىنى تىزگىنلىگىلى بولىدۇ، چاچقا ياققاندا چاچنى قۇۋۋەتلەپ تۇرلۇك چاچ كېسەللىكلىرى ۋە باشتىكى ھەر خىل مېڭە كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. خېنە تەركىبىدە ئاقسىل، قەنت، ئۇچۇچان ماي، ئامىنو كىسلاتاسى، ۋىتامىن، كالتسىي، ماگنىي قاتارلىق ئوزۇقلۇق ماددىلار بار بولۇپ، تىرناق، بارماق سۆڭەكلىرى، تېرە، چاچ قاتارلىق ئەزالارنى ئوزۇقلاندۇرۇپ، ھەر خىل كېسەللىكلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

6. مىسۋاك ئىشلىتىش: مىسۋاك ئىشلىتىش ئۇسۇلى

بولسا بۇرۇنقى ئەجدادلىرىمىز چىشنى ئاسراش ئۈچۈن قوللانغان ئۇسۇلى بولۇپ، ئادەتتە مسۋاك دەرىخىنىڭ بارماق تومۇلۇقىدىكى ياغىچىدىن 15ـ20 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا كېسىۋېلىپ، كېسىۋېلىنغان ياغىچنىڭ بىر ئۇچىنى سۇغا ئۈچ-تۆت سانتىمېتىر پاتقۇزۇپ، 24 سائەت چىلاپ قويۇلسا سۇغا چىلانغان ئۇچى چىش چوتكىسىنىڭ چۇچىسىغا ئوخشاش تالالىشىپ ئېلاستىكلىق بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن چىش چوتكىلاپ بەرگەندە چىشنى ئاسراپ، چىشتا يۈز بېرىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. مىلادى 980ـ1930 يىلىغىچە ياشىغان دۇنياغا مەشھۇر تېبابەت ئالىمى ئەبۇئەلى ئىبنىسىنانىڭ «ئەلقانۇن فىت تىب» ناملىق ئەسىرىنىڭ چىشلارنىڭ ساغلاملىقىنى ساقلاش دېگەن قىسمىدا چىشقا مسۋاك ئىشلىتىپ، چىشنى ئاسرىغانلىقى يېزىلغان. ئادەتتە مسۋاكنىڭ ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، چىشنى چىڭىتىش، ئېغىز بوشلۇقىدىكى يارىلارنى پۈتتۈرۈش، ئاغرىق پەسەيتىش، چىش مىلىكنى چىڭىتىش، قورۇش، قۇرۇتۇش، چىشنى پارقىرىتىش، قان توختىتىش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىش تەسىرى بار بولۇپ، چىشنى چوتكىلاپ بەرگەندە ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك تەسىرى ئارقىلىق چىش تۈۋى بوشاپ قېلىش، چىش مىلىكى قاناش ۋە ئىششىش، ئېغىز پۇراش، چىش قۇرتلاش، چىش چۈشۈپ كېتىش، چىش ئاغرىش، چىش ساغرىش، چىش قالايمىقان چىقىش، چىش چۈرۈكلىشىش، چىشنىڭ پارقىراقلىقى يوقىلىش قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ۋە داۋالاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، قورۇش، قۇرۇتۇش تەسىرىدىن ۋە قۇرۇق سوغۇق كەيپىياتىدىن پايدىلىنىپ ئېغىزدىن سۆيۈقلۇق ئېقىش، تىل ھەرىكىتى ئاستىلاش، كېكەچلىك ئەھۋاللىرىنى يوقاتقىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مسۋاك تەركىبىدە ۋىتامىن C، رىزىنا كىراخمال، ئاتسىدوم تاننىكوم، كالتسىي، گالاكتوزا ۋە باشقا چىشقا پايدىلىق ئوزۇقلۇق ماددىلار بار بولۇپ، داۋاملىق چىشنى چوتكىلاپ بەرگەندە چىشنى ئوزۇقلاندۇرۇپ ھەر خىل چىش كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەسىرىنى بېرىدۇ.

قىسقىسى، يۇقىرىقىلار بۇرۇنقى زاماندىكى ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرى ياشلىق باھارىنى ساقلاپ قېلىش، گۈزەل رۇخسارىنى نامايان قىلىش، شۇنداقلا ھەر خىل كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ساقلىقنى ساقلاش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ئەنئەنىۋى گىرىم قىلىش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇ خىل گىرىم قىلىش ئۇسۇلى بەدەندە يۈز بېرىدىغان تۈرلۈك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىغا گۈزەللىك ۋە ساغلاملىق ئاتا قىلىدۇ، شۇنداقلا بۇنىڭدىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇرۇندىنلا گۈزەللىككە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى، گۈزەللىككە ئەھمىيەت بېرىشتە شىپالىق تەسىرگە ئىگە دورىلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، سالامەتلىكنى ئاسرىغان ئاساستا گىرىم قىلىپ، ياشلىق باھارىنى ساقلاپ قالغانلىقىدەك گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلىتىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇكى، بۇرۇنقى زاماندىكى ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرى يۇقىرىقىدەك ئەنئەنىۋى گىرىم قىلىش ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ سالامەتلىكىنى ئاسراپ، ئۇنى كېيىنكى زامان ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ چىرايلىق ھۆسن-جامالى ۋە ئەزىز سالامەتلىكى ئۈچۈن مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل گىرىم قىلىش ئۇسۇللىرى ھازىرقى زامان خانىم-قىزلىرى تەرىپىدىن كونىلىق دەپ قارالغاچقا، ئۇلارنىڭ گىرىم قىلىش ئۇسۇلى سۈپىتىدە قوللىنىشقا نائىل بولالمايۋاتىدۇ. گەرچە بۇ خىل گىرىم قىلىش ئۇسۇلى كونىلىق بولسىمۇ، ئۇنىڭ شىپالىق تەسىرىنى ھەرگىزمۇ كونىلىق دەپ قاراشقا بولمايدۇ. شۇڭا گۈزەللىككە ئىنتىلىدىغان ۋە گۈزەللىكنى سۆيىدىغان، ساغلاملىققا ئىنتىلىدىغان ھەر بىر ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرى ئۈچۈن بۇ خىل ئەنئەنىۋى گىرىم قىلىش ئۇسۇلى ئىشلىتىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ.

پايدىلانمىلار:

1. ھېكىم سۇلتان ئەلى. دەستۇرۇلئىلاج. شىنجاڭ پەن-تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى، 1999-يىل 7-ئاي، ئۇيغۇرچە نەشرى.

2. ئەبۇ ئەلى ئىبنىسىنا. ئەلقانۇن فىت تىب. شىنجاڭ پەن-تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى، 2000-يىلى 6-ئاي، ئۇيغۇرچە نەشرى.

3. ھېكىم ۋە دوختۇر ھەرى چاند مىلتانى. تاجۇل ئاقاقىير (ئۆسۈملۈك دورىلار تاجى). پاكىستان ۋھور شەھرى، شەيخ. مۇھەممەد بەشىر نەشرىياتى. 1964-يىل، ئوردۇچە نەشرى.

4. ھېكىم مۇھەممەد كەبىرالدىن. مەخزەنۇل مۇفردات. ھىندىستاننىڭ گۇجرات شەھرى، شەۋكەت بۇك نەشرىياتى، 1926-يىل، ئوردۇ نەشرى.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىن)

2014.3

# ئۇيغۇر خەلق مۇھەببەت قوشاقلىرىدا ئەكس ئەتكەن گۈزەللىك قاراشلىرى توغرىسىدا



مۇھەررەم مىرئابدۇللا

ئۇيغۇر خەلق مۇھەببەت قوشاقلىرىدا ئىپادىلەنگەن مۇھەببەت، نەپرەت، ئىزگۈ-شادلىق، غەم-قايغۇ، كۈنداشلىق، پۇشايمان، تەشنالىق، يارغا تەلپۈنۈش قاتارلىق نازۇك ھېس-تۇيغۇلارنىڭ تەسرلەندۈرۈش، كىشىگە ئېستېتىك زوق بېرىش ۋە گۈزەللىك تۇيغۇ ئاتا قىلالىشىدىكى توپ سەۋەب ئۇنىڭدا ساپ، چىن ھېسسىياتنىڭ بولغانلىقىدا.

ئۇيغۇر خەلق مۇھەببەت قوشاقلىرىدا ئەكس ئەتكەن گۈزەللىك قاراشلىرى ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ تاشقى گۈزەللىك تەسۋىرلىرى بىلەن ئىچكى گۈزەللىك تەسۋىرلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. گۈزەللىكنى ئەقىل ۋە بىلىم، چىنلىق ۋە ياخشىلىق، قەلبنىڭ خۇشاللىقى، قايناق تۇرمۇش، دەپ چۈشىنىپ كەلگەن خەلقىمىز ئەزەلدىن گۈزەللىكنى سۆيگەن، ئۇلۇغلىغان ۋە قوغدىغان ھەم شۇ ئارقىلىق ئۆزىگە خاس گۈزەللىك ئۆلچىمى ۋە گۈزەللىك ئېڭى سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇيغۇر خەلق مۇھەببەت قوشاقلىرىدا ئەكس ئەتكەن گۈزەللىك قاراشلىرىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىدىن چۈشىنىشكە بولىدۇ.

**1. ئۇيغۇر خەلق مۇھەببەت قوشاقلىرىدا ئەكس ئەتكەن تاشقى قىياپەت (جىسمانىي) گۈزەللىك قاراشلىرى**

ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلق مۇھەببەت قوشاقلىرىدا ئەكس ئەتكەن تاشقى قىياپەت (جىسمانىي) گۈزەللىكى ئادەتتە ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ قەددى-قامەت گۈزەللىكى، تۇرق-ھالەت گۈزەللىكى، بېزەك گۈزەللىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1) ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ قەددى-قامەت گۈزەللىكى

ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ جىسمانىي قۇرۇلما جەھەتتىكى قەددى-قامەت گۈزەللىكى ياكى ھۆسن-جامال گۈزەللىكى ھەممە ئادەم زوقلىنىدىغان، قۇرۇلمىلىق ماكان خاراكتېرىگە، پائالىيەتچان زامان رىتىمدارلىقىغا، گارمونىيەلىك شەكىل گۈزەللىكى ئامىللىرىغا ئىگە بولغان گۈزەللىك بولۇپ، ئۇ بوي-تۇرق، چىراي، كۆز، ئېغىز-لەۋ، چىش، قاش-قاپاق، كىرپىك، چاچ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن،

ھايھاي تېرەك، ھاي تېرەك،
خانىم سىزگە كىم كېرەك.
ئېگىز بويلۇق يىگىتكە،
ئوتتۇرا بويلۇق قىز كېرەك.

بېشىڭدىكى چاچلىرىڭ،
توسۇۋالدى يۈزۈڭنى.
ئاق پاقالانغا ئوخشىتاي،
قىزىلگۈلۈم بويۇڭنى.

ئىشىك ئاچتىم، تۆرگە باقتىم،
تۆردە بىر ئاي ئولتۇرۇر.
قاشلىرى قىيغان قەلەمدەك،
كۆزلىرى ئويناپ تۇرۇر.

يار بىلەن ئىچتىم شاراب،
خۇمار كۆزىگە قاراپ.
مەن ساڭا نېمە قىلغان،
يامان كۆز بىلەن قاراپ.

ياغلىقىڭنىڭ ئۇچىدىن،
كېسۋالاي تۇمارلىق.
شېرىن سۆزلۈك لېۋىڭگە،
سۆيۈۋالاي خۇمالىق.

ئاسماندىكى ئاي بولۇپ،
جىمى ئالەمنى تەڭ كۆرسەم.
پىيالەڭدە چاي بولۇپ،
لەۋلىرىڭنى كۆيدۈرسەم.

لەۋلىرى قىزىلگۈلدەك،
گۈلباھارىم يېنىمدا.
ھۆسنى گويا تولۇن ئاي،
دىل خۇمارىم يېنىمدا.

يۇقىرىقى مۇھەببەت قوشاقلىرىدا ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ قەددى-قامەت گۈزەللىكىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان بوي-تۇرق گۈزەللىكى، چىراي-ھۆسن گۈزەللىكى، كۆز گۈزەللىكى، ئېڭەك-بويۇن گۈزەللىكى، ئېغىز-لەۋ گۈزەللىكى، چىش گۈزەللىكى، قاش-قاپاق گۈزەللىكى، كىرپىك گۈزەللىكى، چاچ گۈزەللىكى قاتارلىقلار تەسۋىرلەنگەن.

2) ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ تۇرق-ھالەت گۈزەللىكى

ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ تۇرق-ھالەت گۈزەللىكى تاشقى قىياپەت گۈزەللىكىنىڭ مۇھىم بىر ئىپادىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ھەرىكەت خاراكتېرلىك، ئىپادە خاراكتېرلىك ۋە زامان خاراكتېرلىك گۈزەللىك سۈپەتلىرى بار.

ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرى ئەلمساقتىن تارتىپ قەددى-قامەت گۈزەللىكىگىلا ئەھمىيەت بېرىپ قالماستىن، بەلكى يەنە ئۆزىنىڭ يۈرۈش-تۇرۇش، ئولتۇرۇپ-قوپۇش، ئىما-ئىشارەتتىن ئىبارەت تۇرق-ھالەت گۈزەللىكىگىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن. ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ تۇرق-ھالەت گۈزەللىكى ھەرقانداق ئادەمدە ئېستېتىك زوق پەيدا قىلىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇ بەلگىلىك سېھرىي كۈچ ۋە مەپتۇنكارلىقنى ئىگىدۇر. بۇ جەھەتتىكى گۈزەللىك ئۇيغۇر خەلق مۇھەببەت قوشاقلىرىدا جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن،

سۇلار كەتتى، ساي قالدى،
ئىگىسى يوق جان قالدى.
قاش-كۆزىنى ئويىنىتىپ،
يېنىمدا بىر ئاي قالدى.

بۇغداي باغلىغان باغلىق،
يۈرەكنى داغلىغان ياغلىق.
قىلىقىڭنى دېمىسەم.
چىرايلىقلىقىڭ چاغلىق.

باغقا كىرسەم باقىدۇ،
شاختىن شەربەت ئاقىدۇ.
تاتلىق كۈلۈپ گۈل يارىم،
جانغا ئوتنى ياقىدۇ.

يارىمنىڭ مېڭىشلىرى،
ماڭسا قول سىلىشلىرى.
ھېچكىشىگە ئوخشىماس،
قايرىلىپ قاراشلىرى.

دېمەك، يۇقىرىقى مۇھەببەت قوشاقلىرىدا تەسۋىرلەنگەن ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ تۇرق-ھالەت گۈزەللىكىدىن نازاكەت، لاتاپەت، رىتىمدارلىق، گارمونىيەلىك، يارىشىملىق، ئەۋرىشىملىك تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرى ئۆزلىرىنىڭ تۇرق-ھالەت گۈزەللىكىگە ئەزەلدىن دىققەت قىلىپ كەلگەن. ئۇلار بىردەك تۇرق-ھالەت گۈزەللىكى، ھۆسن-جامال، يەنى قەددى-قامەت گۈزەللىكىنى تېخىمۇ جىلۋىلەندۈرىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭ سېھرىي كۈچى



قەددى - قامەت گۈزەللىكنى بېسىپ چۈشىدۇ دەپ قارايدۇ. شۇڭا خەلقىمىز ئۇيغۇر خانىم - قىزلىرىنىڭ تۇرق - هالەت گۈزەللىكىدە جانىنى ئېلىپ ياندا قويىدىغان جەلپكارلىق، مەپتۇنكارلىق پەيدا قىلىدىغان سېھرىي كۈچ بار دەپ قاراپ كەلگەن. مانا بۇ خىل گۈزەللىك قاراشلىرى ئۇيغۇر خەلق مۇھەببەت قوشاقلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

3) ئۇيغۇر خانىم- قىزلىرىنىڭ بېزەك گۈزەللىكى

بېزەك گۈزەللىكى بىر مىللەت، بىر دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە شەكلىنى، تۇرمۇش مۇھەتى ۋە روهىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇيغۇر خانىم - قىزلىرى ئەلمىساقتىن تارتىپ ئۆزىنىڭ قەددى - قامەت گۈزەللىكى ۋە تۇرق - هالەت گۈزەللىكىگە ئەهمىيەت بەرگەن. يۇرتىمىزنىڭ لوپنۇر، قومۇل، ئۈرۈمچى، ئالغۇي قەدىمكى قەبرىلىرىدىكى جەسەتلەرنىڭ تارغاق، مىس كۆرگۈ. مارجان، چاچ خالتىسى... قاتارلىق تۇرلۇك زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى بىلەن بىللە دەپنە قىلىنغانلىقى، بەدەنلىرىنىڭ يۇيۇپ - تارانغانلىقى، قىزىل بويىلىپ، قىزىل توپىغا كۆمۈلگەنلىكى قاتارلىقلار بۇنىڭ دەلىلى. ئۇيغۇر خانىم - قىزلىرىنىڭ بېزەك گۈزەللىكى ئۇلارنىڭ ياسىنىش - تارىنىشى، كىيىنىشى، كۆز - قاپاق، تېرە، قاش - كىرپىك، لەۋ، تىرناق، چىش قاتارلىق ئەزالىرىنى پەردازلاش، تۈرلۈك زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاش، بېزەك ئەسۋابلىرىنى ئەتىۋارلاش، ساقلاش جەھەتلەردە روشەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل بېزەك گۈزەللىكى ئۇيغۇر خەلق مۇھەببەت قوشاقلىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

مەسلەن،

يارىمنىڭ ئېتى ئايخان،
ئاڭا كۆيىدۇ بۇ جان.
كيگەن كۆڭلىكى دۇردۇن،
بويندا قاتار مارجان.

كاككۇكۇم كاككۇك ئېتىپتۇ،
بولجا تېرەكنىڭ بېشىدا.
ئادىشىم شەرەت قىلادۇ،
ئوسما قويغان قېشىدا.

يارىم بەرگەن شۇ مارجان،
كېچە- كۈندۈز بوينۇمدا.
مەن يارىمغا ساقلىدىم،
بىر جۈپ ئالما قوينۇمدا.

يارىمغا ئالتۇن ئۈزۈك،
ئەجەبمۇ ياراشىپتۇ.
قول سېلىپ چىقىپ كەلسە،
يىگىتلەر تالاشىپتۇ.

دېمەك، ئۇيغۇر خانىم- قىزلىرى ئەلمىساقتىن تارتىپ قەددى- قامەت گۈزەللىكىگە ئوقسان يەتكۈزگەن قىسمىلىرىنى بېزەك گۈزەللىكى بىلەن ياپقان. شۇڭا خەلقىمىز ئارىسىدىكى «تاراقسىز چاچنىڭ زىننىتى بولماس»، «ئاناڭنى داداڭغا پەردازسىز كۆرسەتمە» دېگەن ئاتىلار سۆزلىرى بۇنىڭ دەلىلى. خەلقىمىز ئۇيغۇر خانىم- قىزلىرىنىڭ

بىزەك گۈزەللىككە ئەقىلگە مۇۋاپىق، ئازادە، يارىشىملىق، تەبىئىي ۋە كىشىگە يېقىملىق تۇيغۇ ئاتا قىلىدىغان بولۇشنى ئاساسىي ئۆلچەم قىلغان.

**2. ئۇيغۇر خەلق مۇھەببەت قوشاقلىرىدا ئەكس ئەتكەن ئىچكى گۈزەللىك (قەلب گۈزەللىكى) قاراشلىرى**

ئىنسان گۈزەللىكىنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر قىسمى ئىچكى گۈزەللىك (قەلب گۈزەللىكى)تىن ئىبارەت. قەلب گۈزەللىكى خۇلق-مىجەز گۈزەللىكى شەكلىدە ھېسسىيات گۈزەللىككە ئۇتاشقان بولۇپ، ئۇ كۆپ ھاللاردا تاشقى قىياپەت (جىسمانىي) گۈزەللىك بىلەن بىللە ئىپادىلىنىدۇ. ئىچكى (مەنىۋى) قەلب گۈزەللىكى، ھېسسىيات گۈزەللىكى، ئەقىل-ئىدراك گۈزەللىكى، مۇناسىۋەت گۈزەللىكى قاتارلىق ئامىللاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، خاراكتېر گۈزەللىكىنى شەكىللەندۈرىدۇ، ئىچكى گۈزەللىك ماھىيەتتە كونكرېت شەخسنىڭ خاراكتېر گۈزەللىكىدىن ئىبارەتتۇر.

خاراكتېر گۈزەللىكى مەنىۋى گۈزەللىكنىڭ ئۇلى، قەلب گۈزەللىكى بولسا ئۆز نۆۋىتىدە خاراكتېر گۈزەللىكنى تەشكىل قىلىدىغان ئاساسىي مەنىۋى كاتېگورىيە ۋە يادرو ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلق مۇھەببەت قوشاقلىرىدا ئەكس ئەتكەن قەلب گۈزەللىكى ئادەتتە ئۇيغۇر قىز-يىگىتلىرىنىڭ غايە-ئارزۇ گۈزەللىكى، ۋاپا-ساداقەت گۈزەللىكى، ئەقلى-ھوش گۈزەللىكى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن،

ئاسماندىكى يۇلتۇزنى،
قول يەتسە تېرىپ ئالسام.
ئۆزۈڭگە كۆز قىلىپ،
يارنىڭ قولىغا سالسام.
كەپتەر باچكىسى بولسا،
ئاغزىم بىلەن دان بەرسەم.
ئەقىدىلىك يارىمنىڭ،
قۇچىقىدا جان بەرسەم.

دۇتارنى جاراڭلاتقان،
ئۇنىڭ بىر جۇپ تارىسى.
ۋاپادار مېنىڭ يارىم،
يۈرىكىمنىڭ پارىسى.

چىنار بولسا ئېگىز بولسا،
چىقسا شېخى سۇنمىسا.
يار بولسا تۈزۈك بولسا،
ۋەدىسىدىن يانمىسا.

ئىشىكىمگە گۈل تېرىدىم،
بىرمۇ گۈلنى ئۈزمىدىم.
ئەقلى بولسا كېلەر دەپ،
ئۈمىدىمنى ئۈزمىدىم.

دۇتارىڭنى مەن چالدىم،
ئۆزۈڭ ئېيتقىن ناخشىنى.
ئەقىللىق بولسا تاللىۋال،
يامان بىلەن ياخشىنى.

يۇقىرىقى مۇھەببەت قوشاقلىرىدا غايە-ئارزۇ گۈزەللىكى، ۋاپا-ساداقەت گۈزەللىكى، ئەقلى-ھوش گۈزەللىكى روشەن ھالدا تەرك ئەتكەن، دېمەك، خەلقىمىز ئەسىرلەردىن بېرى ئەدەپ-ئەخلاق گۈزەللىكى بىلەن ئەقلىي-ھوش، بىلىم-ئىقتىدار گۈزەللىكىنى بىر-بىرىگە يۇغۇرۇۋېتىشكە ئىنتىلىپ ياشاپ، قەلب گۈزەللىكىنىڭ گۈل تاجىنى ياراتقان سۆزى گۈل، قەلبى گۈل بىر خەلقتۇر.

ئومۇمەن، خەلقىمىزنىڭ گۈزەللىك ئۆلچىمى ۋە مىللىي گۈزەللىك ئېڭى ئۇيغۇر خەلق مۇھەببەت قوشاقلىرىدا ئەتراپلىق تەسۋىرلەنگەن. خۇددى قايسى بىر پەيلاسوپ: گۈزەللىك — ئەركىن قەلب ۋە مەزمۇت ساغلاملىق، گۈزەللىك ئۈندۇر، توققۇزى توندۇر، دەپ ئەجدادلىرىمىز ئېيتقىنىدەك تاشقى قىياپەت (جىسمانىي) گۈزەللىكى بىلەن ئىچكى گۈزەللىك (قەلب گۈزەللىك ياكى خاراكتېر گۈزەللىك) ئىنسان گۈزەللىكىنىڭ ئىككى مۇھىم تەركىبىنى ھاسىل قىلغان. بۇ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەرنى بىر پۈتۈن گەۋدە قىلغان ئىنساننىڭ تەبىئىي ۋە مەنىۋى گۈزەللىكىدىن ئىبارەت. شۇڭا ئىنساننىڭ تاشقى قىياپەت (جىسمانىي) گۈزەللىكى بىلەن ئىچكى (مەنىۋى قەلب) گۈزەللىكنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىش ئەمەلىيەتكە ماس كەلمەيدۇ.

(ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە تارماق ئىنستىتۇتىدا)

# لۈكچۈن بازىرىدىكى بىر قىسىم رىۋايەتلىك يەر-جاي ناملىرى



ياقۇپ ئىسمائىل قۇرۇلچى

پىچان ناھىيەسىنىڭ لۈكچۈن بازىرى — قەدىمىي تارىختىن بۇيانلا ئىدىقۇت باغرىدا قۇرۇلغان ھەرقايسى خانلىق، بەگلىك ۋە ۋاڭلىقلارنىڭ ئاستانىسى ياكى مۇھىم شەھەرلىرىدىن بولۇپ كەلگەن ئانا ماكان. بۇ ماكاندىكى بىر قىسىم يەر-جاي ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ئەل ئارىسىدا ئاجايىپ قىزىقارلىق رىۋايەتلەر ساقلانغان بولۇپ، بۇ رىۋايەتلەر تا ھازىرغىچە ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

## سىركىپ

لۈكچۈن بازىرىنىڭ توققۇز كىلومېتىر شەرقىي شىمالىغا توغرا كېلىدىغان سىركىپ كەنتى — لۈكچۈن بازىرىدىكى قەدىمىي كەنتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، «سىركىپ» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا خەلق ئىچىدە مۇنداق رىۋايەت ساقلانغان. «ئۇزاق زامانلار ئىلگىرىدىكى قوچۇ خانلىقى دەۋرىدە، قوچۇ خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن ياۋ لەشكەرلىرى بىلەن قوچۇ خانلىقى ئوتتۇرىسىدا سىركىپ ئېغىزى ئىچىدە قاتتىق جەڭ بولغان بولۇپ، جەڭدە نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ بېشى كېسىلىپ دەريا-دەريا قانلار ئاققانىكەن. خەلق ئاشۇ قانلىق تارىخنى، ئاشۇ قان تۆكۈلگەن جاينى «سەركۆپ» دەپ ئاتىغانىكەن. «سەركۆپ» دېگەن بۇ سۆز تىلىمىزغا پارسچىدىن كىرگەن بولۇپ، ئىستېمالىمىزدىكى مەنىسى: قان تۆكۈلگەن جاي، باش يانجىلغان يەر، دېگەنلىك بولىدىكەن.

### ئامانشا

ئامانشا — لوكچۈن بازىرىدىكى ئۈزۈمچىلىك ۋە باغۋەنچىلىكنى ئاساس قىلىدىغان گۈزەل ماكانلاردىن بولۇپ، ئىلگىرى ئامانشانىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان قۇم تاغنىڭ ئورنىدا كۆتەكبالىق دەيدىغان بىر كاتتا شەھەر قەد كۆتۈرگەنىكەن. شەھەر مۇھىتى گۈزەل، ھاۋاسى سالقىن، پۇقرالىرى مەرد-مەردانە، شاھلىرى ئادىل، ئۆلىمالىرى پازىل بولغان بۇ يۇرتتا قوۋناقلىق ھۆكۈم سۈرگەن بولۇپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ گۈزەل شەھەرگە شەيتان ئەلەيھى نەئىننىڭ كۆزى چۈشۈپ، 72 خىل ھۈنىرىنى ئىشقا سالغىنچە بۇ يەرگە كېلىپ كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا نادانلىق، تەپرىقچىلىك ئۇرۇقىنى چېچىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ يۇرتتا، شەخسىيەتچىلىك ئەۋج ئېلىپ، پۈتۈن يۇرتتا جاھالەت ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتۈپتۇ، بۇنى كۆرگەن ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ غەزىپى كېلىپ، بىر كۈنى كېچىسى بۇ يۇرتقا قۇم ياغدۇرۇشقا باشلاپتۇ، بىر رىۋايەتتە ئۈچ كۈن، يەنە بىر رىۋايەتتە يەتتە كۈن ياغقان. پۈتۈن شەھەر قۇم بالاسىغا غەرق بوپتۇ. بۇ شەھەردە ناھايىتى ئاق كۆڭۈل بىر ئۆلىما ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ قۇم ياغقان كېچىسى بىر تال خادىنى تىككىنىچە شاگىرتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، شۇ خادىنى ئايلىنىپ رەھىمسىز قۇمنىڭ ئۆزلىرىنى يۇتۇۋېتىشىدىن ئامان قاپتۇ. قۇم توختىغاندىن كېيىن ھېلىقى ئۆلىما قۇمدا تۇرۇپ قارىسا، ھازىرقى ئامانشانىڭ ئورنىغا قۇم چۈشمىگەن بولۇپ، دەل-دەرەخ، گۈل-گىياھلار ياشناپ تۇرغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئۆلىما شاگىرتلىرىغا قاراپ: «يۈرۈڭلار باللىرىم، ئەنە ئاۋۇ جايدا ئامان قالغان شەھەر بار ئىكەن، بىز ئەمدى شۇ جايىنى ماكان تۇتايلى» دېگىنىچە شاگىرتلىرىنى باشلاپ كېلىپ شۇ يەرگە ماكانلىشىپتۇ. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جاينىڭ ئىسمى «ئامانشا» (ئامان قالغان شەھەر) دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ.

### شەرۋانە ئافاقنىڭ مەسچىتى

شەرۋانە ئافاقنىڭ مەسچىتى — لوكچۈن بازىرىنىڭ ئۈچ كۆۋرۈك كەنتى تەۋەلىكىدە بولۇپ، ئىلگىرى بۇ يۇرتتا شەرۋانىخان ئىسىملىك بىر ئايال ئۆتكەنىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئۆي سۈپۈرۈۋاتسا، ئېرى كېلىپ سۈپۈرگىنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئېرىگە قاراپ: «ھاي، ماڭا تاقاشقۇچە نېرىراق تۇرسىلا بولمامدۇ؟» دېگەنىكەن. ئەر يامانلاپ قاراشەھەرگە كېتىپتۇ ۋە يولۇچىلاردىن: «شەرۋانەم نېرىراق تۇر دېۋىدى قاراشەھەرگىچە كەلدىم، ئەمدى بولدىمىكىن، بولمىغان بولسا يەنىمۇ نېرىراق سۈرۈلىمەن» دەپ گەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ. يولۇچىلاردىن بۇ خەۋەرنى ئىشىتكەن شەرۋانىخان ئۆزىنىڭ ناھايىتى گۇناھلىق ئىش قىلىپ قويغانلىقىنى ئويلاپ، ئېرىنىڭ ئالدىدا گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن ھەج سەپىرىگە ئاتلانماقچى بوپتۇ، لېكىن بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئېرى تېخىچە ئۆيگە قايتىپ كەلمىگەن بولۇپ، مەھەللە جامائىتى ئۇنىڭغا دەپتۇ: «شەرئىتىمىزدە ‹ئەر رازى خۇدا رازى› دەيدىغان گەپ بار، لېكىن سېنىڭ ئېرىڭ تېخىچە قايتىپ كەلمىدى، مۇشۇنداق ئەھۋالدا سەن ھەرەمگە بارساڭمۇ ھەجىڭ قوبۇل بولمايدۇ» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شەرۋانىخان ھەج سەپىرىدىن يالتىيىپ، تاپقان-تەرگىنىگە بىر مەسچىت سالدۇرۇپتۇ ۋە ئاشقان پۇللىرىنى ئاجىز-ئورۇق، يېتىم-يېسىرلەرگە سەدىقە بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇرت ئەھلى بۇ مەسچىتنى «شەرۋانە ئافاقنىڭ مەسچىتى» (ئافاقنىڭ لوكچۈندە ئىستېمال قىلىنىشى — باتۇر، گاڭگۇڭ دېگەنلىك بولىدۇ) دەپ ئاتاپتۇ. ئەنە شۇ چاغدىن باشلاپ «شەرۋانە ئافاقنىڭ مەسچىتى» دەپ ئاتالغان بۇ مەسچىت تا ھازىرغىچە شۇ نامدا ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

### مىڭغا تۇر

لوكچۈن بازىرىنىڭ مۇقام كەنتىدىكى بىر مەھەللىنىڭ نامى بولۇپ، بۇنىڭدىن نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرى بۇ يۇرتتا لوكچۈن خەلقى بىلەن ياۋ لەشكەرلىرى ئارىسىدا قاتتىق ئۇرۇش پارتلاپ، يۇرت خەلقىدىن پەقەت بىرلا باتۇر ئامان قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ سەردارى ئۇنىڭغا قاراپ: «ئەمدى بىزگە ئەل بول، سەن يالغۇز قالدىڭ» دېگەنىكەن. ھېلىقى باتۇر مەردانىلىك بىلەن: «بۇ يۇرتتىن دۈشمەنگە ئەل بولىدىغان ئوغۇل بالا ئەزەلدىن چىقىپ باققان ئەمەس، بۇ يۇرتتىكى ئەرلەر يالغۇز بولسىمۇ بىر جېنى بىلەن مىڭغا تېتىيدۇ» دەپتۇ... جەڭ ئاياغلاشقاندىن كېيىن، بۇ پاراڭ ئەل ئارىسىغا تارقىلىپتۇ، لوكچۈن خەلقىمۇ ھېلىقى باتۇرنى ئەسلەش ۋە خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بۇ مەھەللىنى «مىڭغا تۇر» دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ.

(ئاپتور: پىچان ناھىيەسى لوكچۈن بازىرى مەركىزىي مەكتەپتە)



# بوۋاقلارنى ئىغىزلاندۇرۇش ئادىتى

مۇھەممەدتۇرسۇن ھەسەن

ئۇيغۇرلار يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنى ئانا سۈتى بىلەن ئەمدۈرۈشتىن بۇرۇن بوۋاقلارغا مەلۇم يېمەكلىك يېگۈزۈ- لىدۇ، بۇ ئىغىزلاندۇرۇش دەپ ئاتىلىدۇ. بىراق 14- ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك نامايەندىسى ئەلشىر نەۋايىنىڭ لىرىكىلىرىدا ئىغىزلاندۇرۇشقا ئائىت شېئىر مى- سالالار بار. ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنى يېمەك- لىك بىلەن ئىغىزلاندۇرۇش ئادىتى ھېچقانداق دىنىي ئېتى- قاد ئارىلاشمىغان ساپ ئەخلاق نۇقتىسىدىن چۈشىنىشكە بولىدىغان ئەنئەنىۋى مىللىي ئۆرپ- ئادەت. ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ھەرقانداق كەنت- مەھەللىلەردە شۇ يەردىكى كىشىلەر ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان، ھۆرمەت- لەيدىغان تۇغۇت ئانىسى بولىدۇ، بۇ تۇغۇت ئانىسى شۇ مەھەللىدىكى ئەڭ تەجرىبىلىك، گەپ- سۆزلىرى، ئىش- ھەرىكىتى چاققان، قولى يېنىك، ھەممە ئىشقا قاملاشقان تۇغۇت ئالدىدىكى ئانا ۋە بالىدا كۆرۈلىدىغان ئۆزگى- رىش، ئالامەتلەرنى ئېنىق بىلەلەيدىغان، بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن ئانا ۋە بالىنى قانداق پەرۋىش قىلىشنى، كۈتۈشنى بىلىدىغان، سالماق، تەمكىن ئايال بولۇشى كېرەك. ئايال مەيلى ئائىلىسىدە ئۆزى تۇغقان بولسۇن ياكى تۇغۇت ئا- نىسىنىڭ ياردىمىدە تۇغقان بولسۇن، ياكى دوختۇرخانىدا تۇغقان بولسۇن بالا تۇغۇلغان ھامان ئاۋۋال بالىنىڭ ئىغىز، بۇرنىنى، بەدەنلىرىنى پاكىز سۈرتۈپ، كىندىكىنى

بوغۇپ، ئىسسىق كۆرپە بىلەن زاكىلايدۇ، ئاندىن بالىنىڭ ئېغىزىغا ئەمچەك سېلىشتىن بۇرۇن، تۇنجى بولۇپ مەلۇم بىر كىشى تەرىپىدىن يېمەكلىك بىلەن ئېغىزلاندۇرۇلىدۇ.

بالىنى ئېغىزلاندۇرىدىغان ئادەم چوقۇم روھى ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام، مىجەز-خاراكتېرى ئېغىر-بېسىق، كەمتەر، مۇلايىم، جۇشقۇن، چىقىشقاق، لەۋزىدە تۇرىدىغان، مەرد، سېخىي، مېھىر-شەپقەتلىك، كەڭ قورساق، ئەل ئارىسىدا ئىززەت ھۆرمىتى بار، دوستلۇققا يارايدىغان ئادەم بولۇشى كېرەك. بالا تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن ئائىلە ئەزالىرى ئىچىدە بالىنى كىم ئېغىزلاندۇرسا مۇۋاپىق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا كېڭەش بولىدۇ. ئەر-ئايال مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق شۇ مەھەللىدىكى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغاندەك خاراكتېرغا ئىگە بىرەر كىشىنى (ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن) كۆڭۈلگە پۈكىدۇ. ئايال ئەگەر بالا ساق-سالامەت تۇغۇلسا پالانى ئېغىزلاندۇرسۇن دېگەندەك ئارزۇسىنى ئائىلە ئەزالىرىغا ئېيتىدۇ، بالا تۇغۇلغاندا ئائىلە ئەزالىرى شۇ كىشىنى بالىنى ئېغىزلاندۇرۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. بالىنى ئېغىزلاندۇرۇلىدىغان يېمەكلىك قەنت، ئۆرۈك مېغىزى، نان دېگەندەك يېمەكلىكلەر بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئاچچىق-چۈچۈك، تۇزلۇق يېمەكلىكلەردە ئېغىزلاندۇرۇشتىن قاتتىق پەرھىز قىلىدۇ. بۇۋاقنى تۇنجى بولۇپ ئېغىزلاندۇرىدىغان ئادەم مىجەز-خاراكتېرى ياخشى، ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەتلىك ئادەم بولسا بالىلار چوڭ بولغاندا شۇ كىشىنىڭ مىجەز-خاراكتېرى، پەزىلىتىنى ئۆزىگە تارتىدۇ. شۇ كىشىدەك ئېسىل پەزىلەتلىك ئادەم بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ. بۇۋاقنى ئېغىزلاندۇرۇلىدىغان يېمەكلىكنىڭ تاللىنىشىدا تۇنجى ئېغىزلاندۇرۇلىدىغان يېمەكلىك ئەگەر تۇزلۇق، ئاچچىق-چۈچۈك تەمسىز يېمەكلىك بولسا بالا چوڭ بولغاندا سەپرا مىجەز، ئاچچىقى يامان، تەلۋە، باشقىلار بىلەن ئاسان چىقىشالمايدىغان، جېدەلخور چوڭ بولىدۇ دەپ قارايدۇ. قەنت، نان، ئۆرۈك مېغىزى دېگەندەك يېمەكلىكلەردە ئېغىزلاندۇرسا، بالا چوڭ بولغاندا سۆزى قەنتەك تاتلىق، ناندەك پاكىز، ئۆرۈك مېغىزىدەك گەپ-سۆزلىرى تەملىك، چۈرۈك ياخشى خىسلەتلىك ئادەم بولىدۇ دەپ قارايدۇ. يەنە بالا تۇغۇلۇپ 40 كۈن بولغىچە بولغان ئارىلىقتا يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممە تۈرىدىن يېگۈزۈپ قويىدۇ. بۇنداق قىلغاندا بالا چوڭ بولغاندا تاماق تاللىمايدىغان، بەدىنى ساغلام بولىدۇ دەپ قارايدۇ. بالا تۇغۇلۇپ 40 كۈن توشقاندا بالىنى بازارغا ئېلىپ چىقىدۇ، بۇنداق قىلغاندا بالا چوڭ بولغاندا ھەممە ئادەم بىلەن ئىناق ئۆتەلەيدىغان ئىجتىمائىي ئالاقىسى كەڭ، چىقىشقاق، ئادەم كۆپ ئورۇنغا بارغاندا تارتىنمايدىغان ئوچۇق-يورۇق ئادەم بولىدۇ دەپ قارايدۇ. بەزى بالىلارنىڭ بېشى، يۈزى ئۇزۇن، بۇرنى كەڭ تۇغۇلىدۇ. بۇنداق بالىلارنىڭ بېشىنى، يۈزىنى داكا بىلەن تېڭىپ، بۇرنىنىڭ ئىككى تەرىپىگە مەلۇم نەرسە قىستۇرۇپ قويسا بالا چىرايلىق چوڭ بولىدۇ. بالىنى بۆشۈككە بۆلەشنىڭمۇ ناھايىتى زور رولى بار. بالىنىڭ پۇتى، پاچاقلىرى رۇس، بەدىنى تۈز چوڭ بولىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇلار بۇۋاق تۇغۇلغاندىن كېيىن ئاتا-ئانىلار چوقۇم ئادا قىلىشقا تېگىشلىك پەرھىز ھېسابلىنىدۇ، بۇنداق ئادەتلەرنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىغا ناھايىتى ئۇزاق بولدى.

ئەمەلىيەتتە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان پەرھىز ئادەتلىرى ھەرگىز ئاساسسىز ئەمەس. بۇلار خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق يىللىق تۇرمۇش تەجرىبىسىنىڭ يەكۈنى. بۇۋاقنى ياخشى پەزىلەتلىك ئانا تۇغدۇرغان، ئېسىل خىسلەتلەرگە ئىگە ئادەم تاتلىق يېمەكلىكلەردە ئېغىزلاندۇرغانىكەن بالىغا شۇ خىل خىسلەتلەر تەبىئىي ھالدا سىڭىدۇ، ئەجدادلىرىمىز بالا تەربىيەسىگە مانا مۇشۇنداق ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغان، بالىلار تۇغۇلۇش بىلەنلا ياخشى پەزىلەت بىلەن تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بەرگەن.

بالىلارغا ئىسىم قويۇشتىمۇ ئۇيغۇرلار خەيرلىك سان 3، 7، 9 دېگەندەك، ھەپتىنىڭ جۈمە، شەنبە، يەكشەنبە دېگەندەك كۈنلىرىنى تاللاپ ئىسىم قويىدۇ. بالا تۇغۇلۇپ ئۈچ كۈنلۈك، يەتتە كۈنلۈك، توققۇز كۈنلۈك دېگەندەك مەلۇم بىر كۈننى تاللاپ، مال سويۇپ، چوڭ قازاندا تائام تەييارلاپ، ئەل-جامائەتنى چاقىرىپ، داستىخان تارتىپ بالىغا ئىسىم قويىدۇ. ئەل-جامائەت ئۈنلۈك ئاۋازدا مۇبارەكلەيدۇ.

بۈگۈنكى كۈندىمۇ بالىلار تەربىيەسى ئاتا-ئانىلار جىددىي كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلە. بالىلار تەربىيەسى بالىلار مەلۇم ئەقلگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، يەنى يەسلى مائارىپىدىن باشلىنىدىغاندەك قىلىسىمۇ، لېكىن ئەجدادلىرىمىز بالىلار تەربىيەسىنى بالا تۇغۇلۇش بىلەنلا باشلىغان. بۈگۈنكى كۈندە يۇقىرىدا بىز تىلغا ئالغان ئادەتلەر بىر ئاز ئاساسسىزدەك بىلىنگىنى بىلەن ئۇنىڭغا سىڭگەن ئاتا-ئانىلارنىڭ ئارزۇسى، ئۈمىدى، غايىسى، ئىشەنچىسى بىزنىڭ ئويلىنىپ كۆرۈشىمىزگە ئەرزىيدۇ. بىز بۇلارنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلساق، يەنى نۇرغۇن ھېكمەتلەرگە، ئىلمىي ئاساسقا، سىستېمىلاشقان نەزەرىيەگە ئىگە بولىمىز.

(ئاپتور: چىرا ناھىيەلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپتە)



# سېرىق قۇلاقلار ھەققىدە

ئابدۇغېنى توختى

يۇپۇغا خەلقىنىڭ ئاساسلىق تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئۆرپ-ئادىتى، يېمەك-ئىچمەك كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتى باشقا يۇرت ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىن پەرقلەنمەيدۇ، ئەمما بۇ يەردە باشقا رايوندىكى ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا كۆرۈلمەيدىغان بىر ئادەت شەكىللەنگەن. يەنى بۇ يۇرتتا «سېرىق قۇلاقلار» دەپ ئاتىلىدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئادەتتە چۆچۈرە ئېتىپ يېمەيدىكەن. تېرىم، باياۋات، ئاخۇنلۇقۇم قاتارلىق ئۈچ يېزىدىكى كىشىلەر بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ، زىيارەت ئېلىپ بېرىش جەريانىدا ھەم «سېرىق قۇلاقلىق»لارنىڭ بۇ خىل ئادىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ماركسىزمنىڭ ئىلمىي كۆز قارىشى بىزگە شۇنى يەكۈنلەپ بەردىكى، فولكلور ئاۋام ئارىسىدا قەدىمدىن تارتىپ ئەنئەنە بولۇپ داۋاملىشىپ كەلگەن ۋە ھازىرمۇ شۇ خەلقنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشىدا تەسىرى بولغان ھادىسىلەرنى، ئۆزلۈكسىز پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان چوڭقۇر قاتلاملىق مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن ①. ئۇ يالغۇز دۇنيادىكى مەدەنىيەتلىك ئىلغار مىللەتلەرنىڭ ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئارقىدا قالغان مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنىمۇ تەتقىق قىلىدۇ، خەلق ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگەن ئاممىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى تەسىرى ۋە ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ئېلىمىزدە فولكلور تەتقىقاتى ئىلمىي ئۇسۇل قوللىنىپ، كەڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگەن تۇرمۇش ۋە مەدەنىي ھەرىكەت ھادىسىلىرىنى شۇنىڭغا ئالاقىدار بولغان ئىدىيە، ھېسسىيات ۋە تەسەۋۋۇر ھادىسىلىرىنى توپلاش، ئەھمىيىتى يوق دەپ ئېتىبارسىز قارىلىپ كېلىۋاتقان ئۆتمۈش ئۇزاق مەزگىل ئىچىدە تەتقىقاتچى ئالىملار تەرىپىدىن خاتىرىگە ئېلىنمىغان ۋە تىلغا ئېلىنمىغان رېئال، ئاممىۋى مەدەنىيەت ھەرىكەتلىرى ۋە ئۇنىڭدىكى مەنىۋى ھالەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلارنى رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىۋاتىدۇ. مۇھىمى ئۇزاق تارىخنى،

شۇنداقلا ھازىرقىنىمۇ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ قەلەمگە ئېلىۋاتىدۇ. شۇڭا مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، «سىرىق قۇلاقلار» ھەققىدە ئىلمىي ئىزدىنىپ كۆرۈش، بۇ خىل ئادەتنىڭ مەنبەسى ۋە بۈگۈنكى كۈندە شۇ خىل ئەقىدىدە ياشايدىغان كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى توغرا يولغا باشلاش تولىمۇ زۆرۈر.

1. سىرىق قۇلاقلار

يوپۇرغا تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى گەز دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىن كەلكۈن جىنس تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان. شەرقى مارالبېشى، مەكىت ناھىيەسى بىلەن، شىمال تەرىپى پەيزاۋات ناھىيەسى بىلەن، جەنۇب تەرىپى يەكەن ناھىيەسى، غەربىي جەنۇب قىسمى يېڭىسار بىلەن، غەربىي قىسمى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسى بىلەن چېگرالىنىدۇ. يوپۇرغا قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبى تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان بولۇپ، قەشقەر شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 128 كىلومېتىر، يەر مەيدانى 2700 كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 127 مىڭ 800، ئۇيغۇرلار ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ %94 ىنى تەشكىل قىلىدۇ ②. يوپۇرغا 1941 ـ يىلى ئايرىلىپ چىقىپ يوپۇرغا مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى تەسىس قىلىنغان. 1943 ـ يىلى ناھىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. نامى يوپۇرغا دەرياسىنىڭ نامىدىن كەلگەن، ھازىر قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ بىر ناھىيەسى. يوپۇرغا ناھىيەسىنىڭ تېرىم، بايئاۋات، ئاخۇنلۇق يېزىلىرىدا يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى جەھەتتە باشقا رايونلارغا ئوخشىمايدىغان ئادەت شەكىللەندۈرگەن كىشىلەر بولۇپ، بۇ كىشىلەر توپى ئادەتتە سىرىق قۇلاقلار دەپ ئاتىلىدۇ. ئېنىقسىز ئىستاتىستىكا قىلىشىمچە، ھازىر بۇلارنىڭ نوپۇسى 1500 ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇلار مەلۇم بىر ئورۇندا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولماستىن، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۈچ يېزىدا تارقاق ھالەتتە ئولتۇراقلاشقان. «سىرىق قۇلاق» دېگەن بۇ ئۇقۇم كىشىلەرنىڭ قۇلىقىنىڭ رەڭگىنىڭ سىرىقلىقىغا قارىتىلغان بولماستىن، بەلكى چۆچۈرە ئېتىپ يېمەيدىغان ھەم ئۆزى يېيىندىن پۇل سەرپ قىلىپ تاماقخانىلاردىمۇ چۆچۈرە يېمەيدىغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدىكەن. بۇ خىل كىشىلەرگە نېمە ئۈچۈن «سىرىق قۇلاق» دەپ نام قويۇلۇپ قالدى دېگەن مەسىلىگە قارىتا بىر قىسىم كىشىلەر ئادەم قۇلىقىنىڭ چۆچۈرىگە ئوخشايدىغانلىقى ھەم ئۇلارنىڭ سىرىق رەڭگى بىر خىل پىشكەللىك، بالا ـ قازانىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ياقتۇرمايدىغانلىقى سەۋەبلىك مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋېتىپتۇ. ئەمما بۇ نامنىڭ قاچانلاردىن تارتىپ ئىشلىتىلگەنلىكى مەلۇم ئەمەس. سىرىق قۇلاقلار ئاساسەن يوپۇرغىنىڭ تېرىم، بايئاۋات، ئاخۇنلۇقۇم دېگەن يېزىلىرىدا بار بولسىمۇ، بۇ ئاتالغۇ يوپۇرغا، پەيزاۋات، مارالبېشى، مەكىت ناھىيەلىرىدە كىشىلەرگە ناھايىتى تونۇش ئىكەن. يەنى باشقا يۇرتتىكى كىشىلەر سەپەر ئۈستىدە بولغاندا ياكى يوپۇرغىدىن كەلگەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن سىرتتا بىر داستىخان بولۇپ تاماق يېگەندە: «ئاراڭلاردا يوپۇرغىلۇق بارمۇ؟ ئەگەر سىرىق قۇلاق بولساڭلار تارتىنماڭلار، چۆچۈرە پۇلۇڭلارنى مەن بېرىمەن» دېيىشىدىكەن. سىرىق قۇلاقلارنىڭ قارىشىچە، چۆچۈرە يېسە، جەمەت چوڭلىرى بوۋا ـ مومىلىرىنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىدۇ ياكى ئائىلىسىگە بالا ـ قازا كېلىدۇ دەپ ئويلايدىكەن. يەنى چۆچۈرە ئېتىپ يېسە، ئاتا ـ بوۋىسى ئۆلۈپ قېلىشى ياكى جەمەتىگە زور بالا ـ قازا كېلىشى سىرىق قۇلاقلارنىڭ چۆچۈرە يېمەسلىكىدىكى سەۋەبى ئىكەن. بۇ خىل قاراش ماھىيەت جەھەتتىن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى «يامان بولىدۇ» قارىشى بىلەن ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئۇلار چۆچۈرە يېسە يامان بولىدۇ دەپ ئەمەس، كۈچلۈك ئەقىدە ئاستىدا «يېسەك ئۆلۈپ قالىمىز» دەپ قارايدىكەن، ئۇلار بۇ جەھەتتە نېمە ئۈچۈن چۆچۈرە يېسە ئۆلۈپ قالىدۇ دەپ ئويلانماستىن، ئاتا ـ بوۋىلىرىغا شەرتسىز ئەگىشىدىكەن. بۇلارنىڭ چۆچۈرە ئېتىپ يېمەسلىكى ھەم سىرتتا پۇلغا ئېلىپ يېمەسلىكىدىكى مەيدانى شۇ دەرىجىدە چىڭ بولۇپ، ئۇرۇق ـ تۇغقىنى كۆپ بولمىغان سىرىق قۇلاق كىشىلەر، ھەتتا بۇ يىلدىن ـ ئۇ يىلغىچە چۆچۈرە ئېتىپ يېيەلمەيدىكەن. شۇڭا تېرىم، بايئاۋاتتىكى نۇرغۇن ئائىلىلەردە ئۆزلىرى «سىرىق قۇلاق» بولمىسا كەلگەن مېھمانغا تولىراق چۆچۈرە ئېتىپ بېرىپ يولغا سالىدىكەن. چۈنكى سىرىق قۇلاقلار ئۈچۈن چۆچۈرە يېيىش ئۆمرىدە يېمىگەن كاتتا تائامنى يېگەن بىلەن باراۋەر بولۇپ، ساھىبخانىدىن كۆپ رازى بولۇشىدىكەن.

مەن تەكشۈرۈش جەريانىدا تەكشۈرۈش ئوبيېكتىمنى چوڭ جەھەتتىن ئىككى تۈرگە ئايرىۋالدىم. بىرى سىرىق قۇلاق بولمىغانلار؛ ئىككىنچىسى سىرىق قۇلاق ئاتالغان جەمەتتىكى كىشىلەر، بۇ ئىككى تۈر ئىچىدىن سىرىق قۇلاق ئاتالغان كىشىلەرنى ياش قۇرامىغا قاراپ ئىككى

تۇرگە ئايرىپ تەكشۈردۈم. يەنى 40 ياشتىن يۇقىرىلار ۋە 40 ياشتىن تۆۋەنلەر. سېرىق قۇلاقلارنىڭ چەك-چېگراسىنى ئايرىغىنىمدا، يەنى قانداق ئادەملەر سېرىق قۇلاق ئاتالغان دېگەن مەسىلىگە قارىتا 40 ياشتىن يۇقىرى بولغان «سېرىق قۇلاقلار» ئېنىق جاۋاب بېرەلمىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى: «ئاتا-ئانىمىز سېرىق قۇلاق ئىدى، ئۇلار چۆچۈرە ئېتىپ يېيەلمەيتتى، شۇڭا بىزمۇ سېرىق قۇلاق» دەپ جاۋاب بېرىشتى. 40 ياشتىن تۆۋەن بولغانلار ئاساسەن ئاتا-بوۋىسىنىڭ ئەقىدىسىدىن ماڭىدىغان بولۇپ، مۇشۇ خىل ئەنئەنە بويىچە ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋام قىلىدىكەن. سېرىق قۇلاقلار بىلەن سېرىق قۇلاقلار ئوتتۇرىسىدا نىكاھ بولۇپ يېڭى ئائىلە شەكىللەنگەندە ئۇلار يەنە «سېرىق قۇلاق» دەپ قارىلىدىكەن. ئەگەر سېرىق قۇلاقلارنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە سېرىق قۇلاق بولمىغانلار ئوتتۇرىسىدا تۇرمۇش قۇرۇلغاندا ئەرلەرنىڭ سالاھىيىتى ئۆزگەرمەيدىكەن، ئايالنىڭ سالاھىيىتى ئەرنىڭ سالاھىيىتىگە قاراپ ئۆزگىرىدىكەن، يەنى سېرىق قۇلاق بولغان قىز تالالىق بولۇپ سېرىق قۇلاق بولمىغان بىر ئائىلىگە كېلىن بولۇپ كىرسە، ئۇ ئائىلىدە سېرىق قۇلاق دەپ قارالمايدىكەن. ئەگەردە سېرىق قۇلاق بولمىغان قىز سېرىق قۇلاقلارنىڭ ئائىلىسىگە كېلىن بولۇپ كىرسە شۇ كۈندىن باشلاپ «سېرىق قۇلاق» دەپ ئاتىلىدىكەن. نۆۋەتتە جەمئىيەتنىڭ بۇلارغا قارىشى چىقىشى بىلەن ياشلار ئارىسىدا بۇنىڭغا خاتىمە بېرىش ئالدىدا تۇرسىمۇ، ئەمما جۈرئەت قىلالماي، چوڭلارنىڭ ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرىدىكەن، ئاتا-بوۋىسىغا شەرتسىز ئەگىشىدىكەن. سېرىق قۇلاق بولمىغان قىزلارمۇ سېرىق قۇلاقلارغا كېلىن بولغاندا شۇ ئائىلىگە بويسۇنىدىكەن. شۇڭا ياشلار ئارىسىدىمۇ، مۇشۇ مۇناسىۋەت بويىچە داۋام قىلىپ سېرىق قۇلاقلار يەنىلا ئۆزىنىڭ شۇ خاسلىقىنى يوقاتماي كەلگەن. مەن سېرىق قۇلاق ئائىلىلەرنىڭ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان باللىرىدىن «نېمىشقا چۆچۈرە يېمەيسىلەر» دەپ سورىغىنىمدا ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى: «مومام ئۆلۈپ قالىدۇ، بوۋام ئۆلۈپ قالىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىشتى. يەنى بوۋىسى ئۆلۈپ بولغانلار مومىسىنى، مومىسى ئۆلۈپ بولغانلار بوۋىسىنى ئۆلۈپ قالىدۇ دەپ قاراشتى. تۇغۇلۇش، قېرىش، ئۆلۈش تەبىئىي قانۇنىيەت، ئەگەر تاسادىپىي ھادىسە ۋە كېسەللىك بىلەن ئۆلمىسە، ئۆلۈمنىڭ ياشانغانلار ئارىسىدا كۆپرەك بولۇشى ئېنىق. جەمەتىدە بوۋا-مومىلىرى بولمىغان ئەھۋالدا كىم ئۆلۈپ قالار دېسە «ئىشقىلىپ ئائىلىمىزگە بالا-قازا كېلىدۇ» دەپ قارىشىدىكەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ چۆچۈرە يېسەك چوڭلار ئۆلۈپ قالىدۇ دېيىشى كىشىنى ئويلاندۇرىدۇ، ئەلۋەتتە. ئەگەر سېرىق قۇلاقلارنىڭ ئائىلىسىگە مېھمان بولۇپ بېرىپ چۆچۈرە قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشساقمۇ ئۇلارنىڭ شەرتسىز رەت قىلىشىغا ئۇچرايدىكەنمىز، ئۇلار ئۆزرە-تەكەللۇپلار بىلەن: «ئەزىز مېھمانلىرىم قوي سوياي، ئات، تۆگە دېسىلىرىڭمۇ سوياي، توخۇنىڭ سۈتىنى دېسىلىرىڭمۇ تاپاي، ئەمما چۆچۈرە دەپ تار يەردە قىستاشمىسىلا» دەپ رەت قىلىشىدىكەن. ئۇنداقتا، ئۇلارنىڭ بۇ ئادەت ھەققىدە چىڭ تۇرۇشىنىڭ بىرەر ئاساسى بارمۇ، بۇ ھەقتە قانداق قاراشلار بار؟ تۆۋەندە بۇ خىل ئادەتنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى مەنبەلەرنى كۆرۈپ باقايلى.

**2. بۇ خىل ئادەتنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە رىۋايەت**

نېمە ئۈچۈن بۇ كىشىلەر سېرىق قۇلاقلار دەپ ئاتىلىپ قالدى، نېمە ئۈچۈن چۆچۈرە يېسە بولمايدۇ؟ دېگەن مەسىلىگە قارىتا مۇنداق ئۈچ خىل قاراش بار ئىكەن.

بىرىنچىسى، قايسى بىر زامانلاردا چۆچۈرە كىشىلەر ئۈچۈن شاھ تائام سۈپىتىدە ئەتىۋارلىنىدىكەن، يەنى پولۇ، چۆچۈرە دېگەن تائاملار كىشىلەر ئارزۇلاپ يەيدىغان، يىللار ئۆتۈپ كەتكۈچە ئائىلىدە ئېتىپ يېيەلمەيدىغان تاماقلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىغان. مۇشۇنداق بىر دەۋردە بىر باينىڭ ئايالى قاتتىق بىتاپ بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن باي ئەمچىلەرنى تېپىپ كېلىپ ئايالىنىڭ كېسىلىنى كۆرسىتىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ھېلىقى ئەمچى بايغا قاراپ:

— ھەممە كېسەل ئېغىزدىن كىرىدۇ، ئايالىڭىزدا چوڭ مەسىلە يوق ئىكەن، لېكىن شاھ تائاملارنى كۆپ يەپ كېتىپتۇ، شۇڭا پولۇ، چۆچۈرە دېگەندەك تائاملارنى يېيىشتىن پەرھىز تۇتسۇن، — دەپتۇ. بۇ ۋاقىتتا گېلىغا ئامراق كەلگەن ھېلىقى ئايال يىغلىغىنىچە:

— ۋاي ئىست، مەن بۇ تاماقلارنى يېمىسەم قانداق تۇرىمەن، بۇ تاماقلارنى يېيەلمىگىنىمدىن ئۆلگىنىم ياخشى، — دەپ غەلۋە قىلىشقا باشلاپتۇ. باي ئايالىنىڭ ھالىغا قاراپ كۆڭلى يېرىم بولۇپ ئەمچىگە:

— ئـايالىم كـۆپىنچە مۇشۇ تـائامىلارنى يـېيىشكە
ئامراق، ئۇنىڭغا بۇ تاماقلارنى پەقەتلا يـېمەسلىك ئۆلۈم-
دىن ئارتۇق بـولماس، شۇڭا بۇنىڭدىن بـاشقىراق ئـامال
يـوقمىدى، — دەپ يـېلىنىپتۇ. ئـەمچى بـايغا قـاراپ:
«ئۇنداق بـولسا خـالىغان بـىرىنى تـاللىۋالسۇن» دەپ
رۇخسەت قىلىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ھېلىقى ئـايال: «پـولۇ يـەي،
مەن چۆچۈرە يېمەي» دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئائىلى-
دە چۆچۈرە ئېتىلمەپتۇ ھەم بۇ ئادەت ئۇلارنىڭ بـالىلىرى-
دىن بالىلىرىغا شۇ تائامدىن پەرھىز تۇتۇش شەكلىدە داۋام
ئېتىپتۇ ③.

ئەسلىدە ئەمچىنىڭ سۆزى بويىچە بولغاندا چۆچۈرە
ياكى پولۇنى مەلۇم مـەزگىل يـېمىسە، مۇشۇ تـائاملاردىن
پەرھىز تۇتسا ساقىيىپ كېتىدۇ دېگەن پىكىر ئىكەن. گېلىغا
ئامراق ھېلىقى ئايال بۇ تائاملارنى بىر ئۆمۈر يېيەلمەيدى-
غان بولدۇم دەپ چۈشىنىپ، پولۇنى تـاللىۋېلىپ چۆچۈرە
يېيىشتىن ۋاز كەچكەنىكەن. ماڭا بۇ ھېكايىنى بايان قىلىپ
بەرگەن كىشى ئۇيغۇرلارنىڭ پولۇنى زىيادە ياخشى كۆرۈ-
شىمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن دەپ ئـېيتىپ بـەردى. شۇنىڭدىن
كېيىن باي ئـايالنىڭ كـۆڭلىنى ئـاياپ، ئـائىلىدە چۆچۈرە
يېسە ئايالنىڭ يېگۈسى كەلمىسۇن دەپ پۈتۈن ئائىلە بـو-
يىچە چۆچۈرە يېيىشنى چەكلىگەنىكەن. بـۇ ئـايال ئۆلۈپ
كەتكەندىن كېيىنمۇ باينىڭ بالىلىرى ۋە بالىلىرىنىڭ بـالى-
رى ھـەممىسىنىڭ كـاللىسىدا «چۆچۈرە يـېسـەك ئـانىمىز
ئۆلۈپ قـالىدۇ» دېگـەن قـاراشلار قـالغانىكەن. «يـگىنە
قولىدىن قولغا ئۆتسە تۈۋرۈك بولۇر» دېگـەندەك، ئۇزاق
زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن بـۇ ئـادەت «چۆچۈرە ئـىچىسە
ئۆلۈپ قالىدۇ، بالا-قازا كېلىدۇ» دەپ قارىلىپ تا بۈگۈن-
كى كـۈنگىچە داۋام ئـېتىپ كـەپتۇ ھـەم بـۈگۈنكى سېرىق
قۇلاقلار دېگەن نام بـىلەن ئـاتىلىپ كـەپتۇ. بـۇ ھېكايىنى
بايان قىلىپ بەرگۈچىنىڭ قـارىشىچە، بـۈگۈنكى كـۈندىكى
سېرىق قـۇلاقلارنىڭ ھـەممىسى شۇ بـاينىڭ ئـەۋلادلىرى
بولۇپ، ھـەممىسى بـىر جـەمەت ئـىكەن. ئـەمما بۈگۈنكى
كـۈندىكى ئـۇرۇق-تـۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى بـويىچە
چۈشەندۈرگەندە ئـۇلارنىڭ كـۆپ قـىسىملىرى ئۆزلىرىنى
بىر-بىرىگە ناتونۇش كىشىلەر دەپ قارىشىدۇ ھـەم ئـۇلار
ھەرقايسى يۇرتلارغا جـايلاشقان بـولۇپ، ئـاز بـىر قـىسىم
جەمەتلىرى تونۇش بولسىمۇ، ھەممە سېرىق قۇلاقلار ئۆز-
ئارا بىر-بىرىنى ناتونۇش كىشىلەر دەپ قارايدىكەن.

ئىككىنچىسى، سېرىق قۇلاقلار ھەققىدە يەنە بىر رى-
ۋايەت تارقالغان بولۇپ، بۇ رىۋايەت «ئۇيغۇر ئېغىز ئـەدە-
بىيات قامۇسى» ناملىق 12 توملۇق كـىتابقا «مـوغاللار نـې-
مىشقا چۆچۈرە يېمەيدۇ» دېگەن مـاۋزۇ بـىلەن كـىرگۈزۈل-
گەن. ئەمما كىمنىڭ، قاچان بايان قىلىپ بەرگەنلىكى ھەققى-
دە ئۇچۇر بېرىلمىگەن. بايئاۋات يېزىسىدا «موغال» نـامى
بىلەن ئاتالغان بىر كەنت بار. بۇ كەنتتىكى كىشىلەرنىمۇ مو-
غاللار دەپ قارايدۇ. بەلكىم خەلق ئېغىز ئـەدەبىيات قـامۇ-
سىغا كـىرگۈزۈلگەن شۇ رىۋايـەتنى موغاللىق بـىرى بـايان
قىلىپ بەرگەن بولسا كېرەك. يەنە كېلىپ سېرىق قۇلاقلار
مۇشۇ يۇرتتا باشقا يۇرتقا قـارىغاندا
كۆپ ئىكەن. كىتابقا كىرگۈزۈلگەن
رىۋايـەت بـىلەن مـاڭا سـۆزلەپ
بەرگەن بىر قىسىم ئېيتىپ بەرگۈچى-
لەرنىڭ بايانى ئـاساسەن ئـوخشاش
بـولۇپ، ئـۇنىڭدا «پـەيغەمبەرنىڭ
چىشىغا تـېگىپ قـويۇش» ۋەقـەسى
بايان قىلىنغان. بۇ رىۋايەت تـۆۋەن-
دىكىچە:

بۇ زاماندا ئەمەس، ئۇ زاماندا
يامغۇرنىڭ ئورنىغا ئاتەش ياغقاندا،
يەر تونۇردەك قىزىغاندا، ئەل خـا-
رابلىشىپ ۋەيران بولغاندا، كـىشى-
لەر ئـاچارچىلىقتىن زار قـاقشىغاندا،



خۇدانىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن خىزىر ئەلەيھىسسالام كىشىلەر-
گە ئامەت كەلتۈرۈش، ئۇلاردىكى ئاچارچىلىق، ئاپەتنى
تۈگىتىش مەقسىتىدە يولدىن ئۆتكەن يولۇچى سياقىدا تۆ-
گىگە مىنىپ يوپۇغىغا كەپتۇ. بۇ ۋاقىتتا كەچ كىرىپ
قالغان، خىزىر ئەلەيھىسسالام بۇ كىشىلەرنىڭ ھالىغا قاراپ
ئىچى سىيرىلىپ، بۇلارغا بىر بەرىكەت ياغدۇرۇش مەقسە-
تىدە شۇ يۇرتقا چۈشكەن بولۇپتۇ. ئۇيلىمغان يەردىن ئا-
چارچىلىقتا بىر-بىرىنى يېگۈدەك بولغان خەلق خىزىر ئە-
لەيھىسسالامنىڭ تۆگىسىنى كۆرۈپ، بۇنداق تەييار ئولجە-
نى غەنىيمەت بىلىپ، تۇيدۇرماي تۆگىنى ئۆلتۈرۈپ گۆشە-
نى قىيما قىلىپ چۆچۈرە تۈگۈپ يەۋاپتۇ. ئەتىسى خىزىر
ئەلەيھىسسالام بۇنى بىلگەندىن كېيىن كۆڭلىدە: «بۇ
خەققە ياخشىلىق ياراشمايدىكەن» دەپ قاتتىق خاپا
بولۇپ، شۇ يەردىلا بۇ خەلقنى: «بۇنىڭدىن كېيىن چۆچۈ-
رە يېيىشسەڭ ئۆلگەيسەن» دەپ قارغىۋېتىپتۇ ھەم بۇ
يۇرتقا بېرىشنى ئويلىغان بەرىكەتنى بەرمەي كېتىپ قاپتۇ.
شۇنىڭدىن كېيىن ئەل ئارىسىدا بۇ يۇرتتىكى كىشىلەر «-
پەيغەمبەرنىڭ قارغىشىغا كەتكەن، چۆچۈرە يېسە ئۆلىدۇ»
دېگەن رىۋايەت تارقىلىپتۇ ④.

تۇرمۇشنىڭ قاتتىقلىقىدىن چىلىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىر-
قى مەزگىلىدىن تاكى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغىچە بولغان
مەزگىلدە تېرىم، بايئاۋات، ئاخۇنلۇق دېگەن يۇرتلاردا
ئادەم قالمىغان⑤. تاشقى جەھەتتىن بۇ يەر تۇپرىقىنىڭ
شورلۇق، سۈيىنىڭ كەمچىل بولۇشى، شارائىتىنىڭ ھەقىقە-
تەن ناچار بولۇپ تىرىكچىلىك قىلماقىنىڭ تەسلىكىدىن
سۇبيېكتىپ جەھەتتىن بۇ يۇرت پەيغەمبەرنىڭ قارغىشىغا
كەتكەن، قانچە ئىشلىسىمۇ بەرىكەت يوق دېگەن ئىدىيەلەر
بىلەن خەلق كۆپلەپ مەكىت ۋە مارالبېشى تەرەپلەرگە
كۆچۈپ كەتكەن. كېيىنچە ناھىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈ-
لۈش، بىر قىسىم يېزىلار يېڭىدىن قۇرۇلۇش، كىشىلەر جاپا-
غا چىداپ ئۆستەڭ قېزىپ سۇ باشلاپ كېلىش ئارقىلىق بارا-
بارا ئاۋاتلاشقان. خەلق كۆچۈپ كېلىپ يۇرت يېڭىدىن گۈل-
لىنىشكە باشلىغان. بايئاۋات دېگەن ئىسمىمۇ يېقىنقى كۈن-
لەردە قويۇلغان بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ يۇرتنىڭ باي
ھەم ئاۋات بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ مۇشۇنداق ئىسىم قو-
يۇلغان ⑥. ھېلىھەم بۇ يۇرتتا بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزلىرى-
نىڭ كەمبەغەللىك سەۋەبىنى يۇقىرىقى رىۋايەت بويىچە
«پەيغەمبەرنىڭ قارغىشىغا كەتكەن» دەپ كونا ئىدىيە
بىلەن باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىدىغانلارمۇ بار ئىكەن.

ئۇچىنچىدىن، چۆچۈرە يېگەن ۋاقىتتا تاسادىپىي
توغرا كېلىپ قالغان ھادىسىلەر تۈپەيلى «چۆچۈرە يېسە
ئۆلىدۇ» دەپ قاراش.

بۇ خىل قاراشنى قوللايدىغانلار ئاساسەن سېرىق
قۇلاق بولمىغان كىشىلەردۇر. تەكشۈرۈش جەريانىدا مەن
ئايرىم ھالدا مەدەنىيەت سەۋىيەسى ئوخشاش بول-
مىغان ياشانغانلار، ئوتتۇرا ياش ۋە ياشلار ئارىسىدىن
ئەھۋال ئىگىلىگەندە ئۇلارنىڭ ھەممىسى يۇقىرىقى پەيغەم-
بەرنىڭ رىۋايىتىگە ئانچە ئىشىنىپ كەتمەيدىغانلىقىنى، بۇ
خىل ئادەتنىڭ يەنىلا كىشىلەرنىڭ كونىچە ئىپتىدائىي
قاراش ئاسارىتىدىن شەكىللەنگەنلىكىنى ئېيتىشتى. ئۇلار
«سېرىق قۇلاق» ئاتالغان بۇ كىشىلەر گەرچە مۇسۇلمان
دەپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلار بولسىمۇ،
يەنىلا تۇرمۇش ئادىتىدە كونىچە نەرسىگە، تەبىئەتكە چو-
قۇنۇش ئادىتىدىن قۇتۇلالمىغان. يەنى بۇلار زىيادە
قورقۇش ئىدىيەسىدە چۆچۈرىنى چولڭ كۆرۈشى مۇمكىن.
مۇشۇ خىل تاماقنى ئېتىپ يېگەندىن كېيىن تاسادىپىي
توغرا كېلىپ قالغان بالا-قازالار تۈپەيلىدىن ئۆزلۈكىدىن
چۆچۈرە يېسەك ئۆلىمىز، بالا-قازاغا ئۇچرايمىز، دەپ قا-
رىۋېلىپ، بارا-بارا مۇشۇنداق كىشىلەر كۆپەيگەن بولۇشى
ھەمدە شۇ خىل مۇسىبەتنىڭ شاھىتى بولغۇچىلار تېخىمۇ
قورقۇشۇپ، چۆچۈرە يېسە ھەقىقەتەن بالا-قازاغا ئۇچراي-
دىكەن دېگەن قاراشقا ئىشىنىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.
بۇ ھەقتە بىر ياش ماڭا مۇنداق ۋەقەنى بايان قىلىپ
بەردى: «بوۋام ياش ۋاقىتلىرىدا ئاتام تېخى كىچىك
ئىكەن، بىز تۇغۇلمىغانىكەنمىز. شۇنداق كۈنلەردە بوۋام
رەھمەتلىك ئاران دېگەندە بازاردىن گۆش سېتىۋېلىپ
كەپتۇ، مومام چۆچۈرىدەك ئۇششاق بەش بالىدىن نېمە
يەيسىلەر دەپ سورىسا ئۇلار ھەممىسى قوش باللىرىدەك
چۇرۇقلىشىپ چۆچۈرە يەيمىز، چۆچۈرە يەيمىز دەپتۇ. شۇ
كۈنى كەچ ئائىلىگە خۇددى ھېيت خۇشاللىقى كەلگەندەك
كاتتا خۇشاللىقلار بوپتۇ. ھەممىسىنىڭ چىرايىدا كۈلكە،
گۆش توغراپ ئېتىلگەن ئوخشىغان چۆچۈرە، بۇ تاماقنى
ئۇلار قايسى زامانلاردا يەپ باققان، ئىشقىلىپ ئۆمرىدىكى
ئەڭ كاتتا بىر قېتىملىق تاماق يېگەندەك بوپتۇ. بوۋام
رەھمەتلىك باللارنىڭ خۇشاللىقىدىن شۇنچە مەستلىكى
كەپتۇ. ئۇلارنى ئۇخلىتىپ ئۆزىمۇ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. كىم

بىلسۇن شۇ كۈنى كەچ بوۋام مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكە-
نىكەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مومام ئائىلىدە قەتئىي چۇ-
چۇرە ئەتمەپتۇ. ئاتام ۋە ئۇنىڭ تۆت قېرىنداشنىڭ سادىدا
قەلبىدىمۇ چۆچۈرە يېگەندىكى تەسىراتلار قاپتۇ، تۇغۇلغى-
نىدىن تارتىپ يەپ باقمىغان كاتتا تاماق ھەم ئاتىسىنىڭ
ئۆلۈمى بىلەن قەلبىدە ئۇنتۇلغۇسىز بىر ئەسلىمە قاپتۇ، شۇ
ئاچچىق ئەسلىمە ئىچىدە ئۇلارمۇ شۇ كۈندىن ئېتىبارەن
چۆچۈرە يېمەپتۇ، ئائىلىدىمۇ ئەتمەپتۇ.»

بۇنىڭغا ئوخشاش مىساللارمۇ ناھايىتى كۆپ ئىكەن.
قانداقلا بولمىسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۇرمۇشنىڭ قاتتىق-
چىلىق مەزگىللىرىدە ئىشلەپ ئاران تاپقان پۇللىرىغا
پۈتۈن ئائىلە بويىچە چۆچۈرە يېگەن. شۇ كۈنى كەچتە
ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدە تۇيۇقسىز قازا بولغان ياكى مال-
چارۋىلىرى ئوغرىلانغان، چۆچۈرە يەپ كۆڭلى شۇنچە
خۇشال بولغان ۋاقىتلاردا بېشىغا مۇسىبەتلەر كەلسە، كې-
چىكلەرنىڭ كاللىسىدا شۇ ئىش تەسىرىدىن چۆچۈرە يېمەي-
دىغان ئادەت شەكىللەنگەن. يەنە بىر قىسىم سىرىق
قۇلاق بولمىغانلارمۇ مۇشۇنداق ھادىسىلەرنى ئۆز كۆزى
بىلەن كۆرگەندىن كېيىن سىرىق قۇلاق بولۇپ كەتكەن.

مەلۇم بىر قىز سىرىق قۇلاق ئاتالغان ئائىلىگە كېلىن
بولۇپ كىرگەن. بۇ ئائىلىگە كېلىن بولۇپ كىرگەندىن
كېيىن ئائىلىدە چۆچۈرە ئېتىپ يېيىشى ياكى سىرتتا پۇلغا
ئېلىپ يېيىشى چەكلەنگەن. بۇ قىز ئەزەلدىن چۆچۈرە
يېسە ئۆلىدۇ، بالا-قازاغا يولۇقىدۇ دېگەنلەرگە ئىشەنمەي-
دىكەن. شۇڭا چوڭلارنىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ بۇيرۇقىغا
بويسۇنسىمۇ، چوڭلار يوق يەردە ئېتىپ يېسەم بولىدۇ
دەپ قارايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر كۈنى بۇ قىزنىڭ چۆ-
چۈرە ئېتىپ يېگۈسى كېلىپ، چوڭلار يوق پۇرسەتتىن پايد-
دىلىنىپ چۆچۈرە ئەتكەن، تائام تەييار بولۇپ ئەمدى قا-
زاننى چۆشۈرەي دېگەندە قىزنىڭ قېيىنئاتىسى كىرىپ
قالغان ھەم قازاندىكى چۆچۈرىنى كۆرۈپ خۇددى ئەزرا-
ئىلنى كۆرگەندەك جىددىيلىشىپ دەرھال قازاننى تېپىپ
ئۆرۈۋەتكەن. كېلىنچەك بۇنىڭدىن قاتتىق خورلۇق ھېس
قىلىپ يىغلاپ كەتكەن. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا تالاش-تارتىش-
لار بولۇپ خېلى جېدەل بولغان. ئاخىر قېيىنئاتا كېلىنچەك-
كە چۈشەندۈرۈپ بولالماي كايىغىنىچە ئاچچىقلاپ چىقىپ
كەتكەن. شۇ چىقىپ كەتكەنچە موتوسىكلىت مىنىپ كېتىۋې-
تىپ، چوڭ يولدا ماشىنا ۋەقەسىگە يولۇقۇپ نەق مەيداندا
قازا قىلغان. بۇ ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىن بۇ جەمەتتىكى
كىشىلەر ئۆلۈمنىڭ سەۋەبكارىنى دەل ئاشۇ كېلىندە
قويغان، ھەممىسى مۇشۇ كېلىن چۆچۈرە ئەتمىگەن بولسا،
ئاتىمىز ئۆلۈپ قالمايتتى دېيىشكەن. ئۆزلىرى ئۇچۇن بالا-
قازا دەپ قارالغان بۇ كېلىننى ئوغلىدىن ئاجراشتۇرۇۋەت-
كەن. بۇ كېلىن بۇرۇن «چۆچۈرە يېسە ئۆلىدۇ» دېگەنگە
قەتئىي ئىشەنمىسىمۇ، شۇ ئىش يۈز بەرگەندىن باشلاپ بارا-
بارا ئىدىيىسىدە ئېغىش بولغان، قېيىنئاتىسىنىڭ ئۆلۈم سە-
ۋەبىنى توختىماي ئويلىغان ھەم بۇ زادى چۆچۈرە بىلەن
مۇناسىۋەتلىك ئىكەن دەپ چۈشەنگەن. ئاخىر بۇ كېلىن
گەرچە سىرىق قۇلاق ئائىلە بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋەت-
ى ئۈزۈلۈپ نىكاھتىن ئاجرىغان بولسىمۇ، ئۆزىمۇ قورقۇپ
چۆچۈرە يېمەيدىغان بولغان ھەم ئۆزىنى سىرىق قۇلاق
دەپ ئېتىراپ قىلغان، يەنى چۆچۈرە ئېتىپ يېمەسلىك خۇ-
راپىيلىق، بىز چۆچۈرە ئېتىپ يېسەك بولىدۇ دەپ قارىغان
بىر قىسىم ياشلار دەل شۇنداق ۋاقىتتا تاسادىپىي ھادىسى-
گە يولۇققان، جەمەتىدە تۇيۇقسىز ئۆلۈم-يېتىم بولغان
ياكى مال-چارۋىلىرى ئوغرىلىنىپ ئىز-دېرەكسىز يوقال-
غان. ئىشقىلىپ ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل بالا-قازالار-
غا دۇچ كەلگەن، شۇنىڭ بىلەن بۇنداق خەۋەرلەر تېز
تاراپ، ئىدىيىسىدە داۋالغۇش بولغان «سىرىق قۇلاق»-
لارنىڭ ئەقىدىسىنى تېخىمۇ چىڭىتقان. ئۆيدە ئېتىپ يېمە-
گەندە نېمە بوپتۇ، يېگۈم كەلسە باشقىلارنىڭ ئۆيىدە
يېسەم بولىدىغۇ دەپ قاراپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇلار
ھەر ئەۋلاد يېڭىلانغاندىمۇ يېڭى ئەۋلاد سىرىق قۇلاقلار
ئۇلارنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە مېڭىپ كەلگەن.

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر قانچە تۇرلۇك مىساللار
بار. قەلبىدە كىر بولمىغان، شۇنچە سادىدا، شۇنچە كىچىك
بىرىنىڭ كۆز ئالدىدا چۆچۈرە يەپ ئولتۇرۇپ خۇشال
بولغان مىنۇتلاردىن كېيىن ئەڭ يېقىن ئادىمىدىن ئايرىلىپ
قېلىش، ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى بولغان ئاتىلىرىدىن ئايرىلىپ
قېلىش ئۇلارنىڭ قەلبىدە بىر خىل ئاچچىق ھېسلارنى قال-
دۇرۇشى مۇمكىن، بەلكىم شۇ تۈيغۇ تۈپەيلى بىر ئۆمۈر
چۆچۈرە يېمەي كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

### 3. سىرىق قۇلاقلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەندەك، سىرىق قۇلاقلار-
نىڭ چۆچۈرە يېمەسلىكىدىكى سەۋەب ئۈچ خىل، مەيلى
قايسى خىل قاراشنى قوللايدىغانلار بولسۇن، ئۇلاردىكى

بىردىنبىر ئورتاقلىق «چۆچۈرە يېسەك ئۆلمىز» دەيدىغان
قاراش. ئۆزلىرىنىڭ سىرىق قۇلاق ئىكەنلىكىنى قانداق چۈ-
شەندۈرۈشىدىن قەتئىينەزەر چۆچۈرىنىڭ ئۆزىگە بالا-قازا
كەلتۈرۈشى، يەنى چۆچۈرىدىن قورقۇش ئىدىيەسى. سىرىق
قۇلاقلارنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بىر قىسىم بالىلىرى-
نى زىيارەت قىلغىنىمدا ئۇلارمۇ نېمە سەۋەبتىن چۆچۈرە
ئېتىپ يېسە بولمايدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەن. 40 ياشتىن
تۆۋەن ياكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇيدىغان ياش سىرىق
قۇلاقلار بولسۇن جەمەت چوڭلىرىغا خەۋپ يېتىشىدىن ئەن-
سىرەپ ھەرگىز بۇ تاماقنى يېمەيدىكەن. ئۆزىنىڭ پىسخىكى-
سىدىمۇ «چۆچۈرە يېمىگەنگە نېمە بوپتۇ. يېگۈم كەلسە
باشقىلار ئېلىپ بەرسە يېسەم بولىدۇ، ئەگەر ئوغرىلىقچە
چۆچۈرە ئېلىپ يەۋالسام ئاتا-ئانام ئۆلۈپ قالسا، ئۇ
چاغدا قانداق قىلىمەن» دېگەن گۇمانىي پىسخىكىسى
بىلەن يەنىلا بۇ تاماقنى يېيىشتىن قورقىدىكەن.

يېشى 40-50 تىن ئاشقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى جا-
ھىللارچە مۇشۇ قاراشتا چىڭ تۇرىدىكەن. مەن ئۇلارنىڭ
بۇ ئادەتكە زادى قانچىلىك چىڭ تۇرۇشىنى سىناپ بېقىش
مەقسىتىدە، يەنە كېلىپ ئەگەر چۆچۈرە ئېتىپ يېسە راستىلا
ئائىلىسىدە بالا-قازا بولامدۇ-يوق دېگەننى ئىسپاتلاپ
بېقىش مەقسىتىدە، سىرىق قۇلاق ئاتالغان بىر قانچە
يېقىنلىرىمنىڭ ئۆيىدە ئۇلارنى چۆچۈرە ئېتىشكە ماقۇل
كەلتۈردۈم. ئۇلارمۇ چوڭلاردىن مەخپىي ھالدا ئېتىپ بې-
رىشكە ماقۇل بولۇشتى. ھەممە تەييارلىقلار پۈتۈپ چۆچۈ-
رە تۈگۈلىدىغان ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ چوڭلىرى تۇيۇقسىز بىر
بار ئۆيگە ئاسماندىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولۇشتى. باللى-
رىغا قاتتىق كايىپ: «سەن چۆچۈرە ئەتمەيسەن ياكى مەن
ئالدىڭدا ئۆلىمەن، مېنى ئۆلسۇن دەمسەن، مېنىڭ ئۆلۈ-
مۈمنى تىلىسەڭ مەن ئالدىڭدىلا ئۆلۈپ بېرىمەن» دەپ
غەلۋە قىلىپ باللىرىنى قورقۇتتى. ئۇلارنىڭ بۇ دەرىجىدە
چىڭ تۇرۇۋالغانلىقىنى كۆرۈپ مەنمۇ ئارتۇق گەپ قىلالى-
مىدىم. ئۇلارغا قانچە چۈشەندۈرسەك كاللىسىدىن ئۆتمەي-
دىغىنى ئېنىق. چۈنكى ھەر بىر ئادەمنىڭ شۇنداق بىر
ئاچچىق ئەسلىمىسى بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئەسلىمە
خاراكتېرلىك ئىشقا، ئەلۋەتتە، بەزىلەر شۇنچە قاتتىق تۇ-
رۇشى ئېنىق. شۇنىڭ بىلەن ماڭا چۆچۈرە ئېتىپ بېرىشكە
ماقۇل بولغانلارمۇ چۆچۈرىنى بەنشىرىگە ئۆزگەرتىپ
تاماق قىلىپ بەردى. بىر قانچە ئائىلىدە شۇنداق ئىشلار
تەكرار كۆرۈلۈپ ئوخشاش مەغلۇپ بولدۇم. ھەممە
سىرىق قۇلاقلارنىڭ چۆچۈرە يېسە ئۆلۈپتۇ دېگەن پاراڭ-
لىرىنىلا ئاڭلىدىم. بۇنى ئۆزۈم بىر ئىسپاتلاپ باقاي
دېسەم ئىمكان بولمىدى، بىرمۇ سىرىق قۇلاق ئائىلىدە
چۆچۈرە ئەتكۈزەلمىدىم. بىر ئادەمنىڭ پىسخىكىسىنى ئۆز-
گەرتىش، كاللىسىدا جاراھەت سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان
خاتىرىلەرنى ياكى ئاتا-بوۋىلىرىدىن ئادەت شەكلىدە
ساقلىنىپ قالغان ھادىسىلەرنى ئۆزگەرتىش ھەقىقەتەن
ئاسان ئەمەس ئىكەن.

«چۆچۈرە يېسە ئۆلىدۇ» دېگەن قاراشقا مەن سىرىق
قۇلاق بولمىغان ياشانغان كىشىلەرنى زىيارەت قىلغىنىمدا
ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ جاۋابى بىردەك بولدى. ئۇلار بۇ
خىل ئادەتكە قەتئىي قارشى ئىكەن. نۆۋەتتە سىرىق قۇلاق
بولمىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى سىرىق قۇلاقلارنى بۇ ئا-
دەتتىن توسۇۋېتىپتۇ. كونا-ئۆرپ ئادەتكە ئېسىلىۋالسا،
ئاتا-بوۋىسىنى قارىغۇلارچە دورىسا قانداقمۇ يەنە ئۇلارنى
ئەھلى مۇسۇلمان دېگىلى بولسۇن دەپ قاراپ، ئىجتىمائىي
مۇناسىۋەت، قوشنىدارچىلىق، ئالاقە ئىشلىرىدا ئۇلارنى ئا-
رىغا ئالمايدىكەن. سىرىق قۇلاقلار بىلەن قۇدا بولمايدى-
كەن، ھەتتا «چۆچۈرە ئېتەلىسەڭ كىرىمىز، بولمىسا كىر-
مەيمىز» دەپ سىرىق قۇلاقلارنىڭ ئۆيىدە تاماق يېگىلىمۇ
ئۇنىمايدىكەن. ئەگەر بىردىنلا بۇ يولدىن قايتىپ چۆچۈرە
ئەتكەنلەرگە «سىز ئەمدى ئانىڭىزدىن تۇغما ھالەتتە
بوپسىز» ⑦ دەپ كۆپلەپ سوۋغىلارنى ھەدىيە قىلىدىكەن.
بۇ ھەقتە بىر قانچە دىنىي زاتنى زىيارەت قىلىپ، بۇ خىل ئا-
دەتكە قانداق قارايدىغانلىقىنى سورىغىنىمدا، ئۇلار بۇنى
كەسكىن ھالدا خۇراپىيلىق دەپ بىلدۈردى ھەم ئۇلارنىڭ
ئىشىغا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. مەلۇم بىر كىشى بۇ
ھەقتە مۇنداق بايانلارنى قىلدى:

«بۇگۈنكىدەك زامان تەرەققىي قىلغان بىر دەۋردە
ئۆلۈم چۈشەنچىسىنى چۆچۈرىگە باغلىۋېلىشنىڭ ئۆزىنى
خۇراپاتلىق دەيمىز. ئىسلام دىنىدا ئازغۇنلۇقنىڭ پەيدا بو-
لۇشىدىكى ئىككى سەۋەب دەل ئەجدادلىرىغا قارىغۇلارچە
ئەگىشىش ۋە ئاللادىن باشقا كۈچلەرگە بويسۇنۇش دەپ
قارايدۇ، يەنى ئەجدادلىرىدىن قالغان ئۆرپ-ئادەت، ئە-
قىدە ۋە رەسىم-قائىدىلەرگە ھەدەپ ئەگىشىۋېرىش، قارى-
غۇلارچە چوقۇنۇش، ھەتتا بۇلارنى ئاللانىڭ كۆرسەتمىسى-
دىنمۇ يۇقىرى بىلىش، بۇنداق ئىللەتتى بار ئادەم قانداقمۇ
ئىسلام دىنىنى توغرا قوبۇل قىلغان بولىدۇ. بۇ خىل ئىدى-
يەنىڭ ھەر ئىككىلىسى «سىرىق قۇلاقلار»دا بار، يەنى

چۆچۈرە يېسەك ئۆلمىز دېگۈچىلەر، ئەلۋەتتە، ئاللادىن باشقا نەرسىلەرگە، چۆچۈرىگە بويسۇنغۇچىلاردۇر. بۇ خىل قاراشقا ئىشەنمەي تۇرۇپمۇ يەنىلا ئاتا-ئانىسىغا ئەگىشىپ ئۆزىنى سىرىق قۇلاق دەپ چۆچۈرە يېمەي، ئەجدادلىرى قانداق بولسا شۇ يولدا مېڭىپ قارىغۇلارچە ئەگەشكەنلەر بولسا، ئەجدادلىرىدىن قالغان ئۆرپ-ئادەتكە ئىشەنگۈچىلەردۇر. بۇلارنىڭ قىلمىشى نادانلىقنىڭ، خۇراپاتلىقنىڭ ئىپادىسى. سىرىق قۇلاقلارنىڭ بۇ خىل ئادىتى ئۆزلىرىچە نۇرغۇن ئىلاھلارنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، بۈگۈن ئۇنىڭغا، ئەتە ئۇنىڭغا ئىشىنىپ يۈرۈشى، يەنى دىنى ۋە ئۆرپ-ئادەتنى ئاتا-بوۋىلىرىنى دوراپ داۋاملاشتۇرۇشتۇر. ئۇلاردىن نېمىشقا چۆچۈرە يېمەيسىلەر دېيىلسە، ئاتا-بوۋىمىز يېمەپتىكەن دېگەنگە ئوخشاشلا دىنىنىمۇ ئاتا-بوۋىلىرىدىن قوبۇل قىلغان، ھەقىقىي تۇردە چۈشىنىپ ئىبادەت قىلمىغان، شۇڭا بۇ خىل ئادەتنىڭ ئىسلام دىنى بىلەنمۇ، بىزنىڭ ئىسلام دىنى ئاساسىدىكى تائام مەدەنىيىتىمىز بىلەنمۇ مۇناسىۋىتى يوق.

ھازىرقى دەۋردە كىشىلەرنىڭ بۇ خىل ئادەتتە چىڭ تۇرۇپ چۆچۈرە يېمەسلىكى بىر خىل ئەپسۇسلىنارلىق ئىش ھەم تولىمۇ بىمەنە تۇيۇلۇشى مۇمكىن. بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئارىمىزدا مەلۇم توپنىڭ شۇنداق ئېسىل تائاملىرىمىزدىن خاتىرجەم ئىستېمال قىلالماسلىقى بىزنى بىئارام قىلماي تۇرمايدۇ. سىرىق قۇلاقلارنىڭ بۇ خىل ئادىتىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى، ئەلۋەتتە، يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا بولىدۇ. ئەمما مېنىڭ قارىشىمچە، بۇ ئادەت نۆۋەتتە بىر خىل قالاقلىق، نادانلىقنىڭ ئىپادىسى. شۇڭا بۇ خىل كونا ئادەتنى تۈگىتىش كېرەك. كونىنىڭ ئورنىغا يېڭىنى دەسسىتىش، ئەلۋەتتە، كونىنى بىراقلا يوقىتىش ئەمەس. ئەمما بۇ يەردىكى كونىلىق سىرىق قۇلاقلارغا ئوخشاش بىر خىل ئاڭسىز ھالدا ئەنئەنىگە ئېسىلىپ قارىغۇلارچە ئەگىشىش ھادىسىسى. ئۇلارنى قارىغۇلارچە ئەگىشىش دېيىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇلار پۈتۈنلەي چۆچۈرە يېيىشتىن ئۆزىنى چەكلىمەيدۇ. پەقەت ئۆزلىرى ئائىلىسىدە كۈچ سەرپ قىلىپ ئېتىپ يېيىشتىن، سىرتتا پۇل سەرپ قىلىپ ئېلىپ يېيىشتىن ئۆزىنى چەكلەيدۇ. شۇڭا بۇ خىل ئادەت بىر خىل ساختىپەزلىك تۈسىنى ئېلىپ قالغان. سىرىق قۇلاق كىشىلەرنىڭ پىسخىكىسىدا بىر خىل پاسسىپلىق بار. يەنى ئۇيغۇرلاردا «چۆچۈرە يېمەكتىن مەقسەت گۆش يېمەكتۇر» دەيدىغان ماقال بار ھەم بۇرۇنقى كۈنلەردە چۆچۈرىنى ئائىلە شارائىتى ياخشى بولمىغان كىشىلەر ئېتىپ يېيەلمەيتتى. ئۇنىڭغا ئاساسلىق گۆش بولمىسا بولمىغاندىكىن كىشىلەرنىڭ شۇ شارائىتنى تەييارلىشى يېتەرسىز ئىدى. ئەمما بۈگۈنكى كۈندە ئوخشىمايدۇ. جەمئىيەت تەرەققىي قىلدى، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى ھەم ئۆستى. شۇڭا مېنىڭچە، بۇ خىل خۇراپىي قاراشلارغا خاتىمە بېرىش، ئەلۋەتتە، ئۇلارنى توغرا يولغا باشلىغانلىق. كاللىسىدىكى كونا ئىدىيە ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرغانلىق بولىدۇ دەپ قارايمەن. ئەلۋەتتە، مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر قىسىم ئۆرپ-ئادەتلەرنى بىر يوللا ئۆزگەرتىمەن دەپ مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن فولكلور تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، شۇ خىل ھادىسىنى ئىلمىي چۈشەندۈرۈش كېرەك. كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا ھەقىقىي توغرا يول بىلەن خۇراپىي يولنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان قىلىپ يېتەكلەش كېرەك. بىز ئەگەشسەك بولىدىغان توغرا بولغان ئېسىل ئەنئەنىلىرىمىز بىلەن كونا قالاق ھادىسىلەرنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان قىلىش كېرەك. بۇ ھەم دىنىي ئەنئەنە ئەمەس، شۇڭا كىشىلەرنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي خۇراپىي ئەنئەنىلىرى بىلەن ھەقىقىي مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ئايرىپ بېرىش كېرەك. بۈگۈنكىدەك گۈزەل ئىناق جەمئىيەت ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىنىمۇ ئېچىپ ئائىلىسىدە خاتىرجەم ھالدا شۇ خىل تائاملارنى ئېتىپ يېيەلەيدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈش كېرەك.

**ئىزاھاتلار:**

① ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ داشۆ نەشرىياتى، 1989-يىل نەشرى، 13-بەت

② «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005-يىل 8-ئاي نەشرى، 482-بەت.

③ يوپۇرغا ناھىيە بايئاۋات يېزا چوقا كەنتتىن ئىمىن ھاجىم سۆزلەپ بەرگەن.

④ يوپۇرغا ناھىيە بايئاۋات يېزا ئازنا بازار كەنتتىن نۇرئەخمەت سۆزلەپ بەرگەن.

⑤ يوپۇرغا تەزكىرىسى.

⑥ يوپۇرغا تەزكىرىسى.

⑦ ئىسلامدا مەيلى قانچىلىك گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولسۇن، ھېچقانداق گۇناھى قالماي پاكلانماق.

⑧ ئەنۋەر سەمەد قورغان: «ئۇيغۇرلاردا پەرھىزلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007-يىل 12-ئاي نەشرى، 20-بەت.

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى 2012-يىللىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتى)

# قەلەمدەك قاشلىرىڭ، ئايدەك جامالىڭ

ئىلى خەلق قوشاقلىرى

ئۆزى كېتىپ يۇرتىغا،
ئىزنى سالدى ئوتىغا.

خامان ياساپ يېڭىدىن،
تاش تۇلۇققا چىڭداتتۇق.
باغرى تاش ئاشۇ يارنى،
شېرىن خەتتە يىغلاتتۇق.

دېھقانسۇدا يارىم بار،
سۇ بويىدا تۇگمىنى.
ئىھوش قىلار ھەر باقسام،
خۇشال كۈتۈپ كۈلگىنى.

دىلدارىم كەتتى يىراققا،
ئوتى مەندىن كەتمىدى.
ئاھ ئۇرۇپ قان يىغلىسام،
دادىم خۇداغا يەتمىدى.

دىلبىرىم مەندىن يىراق،
دىلبىرىمدىن مەن يىراق.
دىلبىرىمنىڭ دەردىدە،
قوزغىلار دىلدا ئىشتىياق.

داۋان ئاشقان دوستلارنىڭ
مۇشكۈلى ئاسان.
ئىناق دوستلار داۋاندىن،
چۈشكىلى ئاسان.

سارىيىڭنىڭ ئالدىغا،
ئۆزۈم تىكتۇق خىلمۇخىل.
كۆيۈپ ساڭا سارغايدىم،
ئەقلىڭ بولسا ئۆزۈڭ بىل.



تۇۋۇلىرىگە چىققاندىم،
تامدىن ئېگىز كەن چىتلىرى.
مەن يىنىپ كېتەي دېسەم،
كۆيدۈردۇ ئوتلىرى.

كەشنى كىيدى پۇتىغا،
چاينى سالدىم قۇتىغا.

سايدا قاينىغان بۇلاقلاردەك،
يارىمنىڭ كۆزى.
ناۋات قوشۇپ يۇغارغاندەك،
يارىمنىڭ سۆزى.

سەن تىرىك دەمسەن مېنى،
مەنغۇ تىرىك ئۆلگەندىمەن.
تىرىك ئايرىلغان يارىمنىڭ،
ئوتىدا كۆيگەندىمەن.

سەھەر تۇرۇپ ئۇچتۇممەن،
ئالتۇن تاغقا چۈشتۇممەن.
توي قىلىشىپ ئىككىمىز،
مۇرادىمغا يەتتىممەن.

سەي قورۇساڭ ياغدۇرمەن،
تۇز تېتىقى مەن بولاي.
ئاغزىڭ بولسا پىيالە،
سۈت قېتىقى مەن بولاي.

سەيدە قارىياغاچ تۈۋىدە،
يارىم بىلەن گەپلەشتىم.
ئۆمۈرلۈك يار بولۇشقا،
ۋەدىلەشتىم- ئەپلەشتىم.

سۇ بېشىدا يارىم بار،
ھەممە كۆيگۈدەك.
ئاشۇ يارىم كېلىپ ئەتە،
مېنى سۆيگۈدەك.

سۇلار ئاقىدۇ ئويناپ،
بىزنىڭ مەھەللىنى بويلاپ.
ناخشا ئېيتىمەن دائىم،
سەن يارنى تولا ئويلاپ.

سېنىڭ بىلەن ماڭىلا،
كەلدى بۇ ئاپەت.
ئانار يۈزۈم سارغايدى،
قالمىدى تاقەت.

سېۋەتكە قويسا توختايدۇ،
كۆزدىن ئاققان يېشىمىز.
يارىم بىللە بولايلى،
تەڭ ئاقارسۇن چېچىمىز.

شاخلايدۇغۇ- شاخلايدۇ،
يوغان تېرەك شاخلايدۇ.
يوغان تېرەك تۈۋىدە،
يارىم مېنى ساقلايدۇ.

ئاسماندا يۇلتۇز تولا،
بىر- بىرىگە ئوخشىماس.
جاھاندا ئادەم تولا،
بىزنىڭ يارغا ئوخشىماس.

شايى كۆڭلەك كىيگەننى
يارىم دەمدىكىن؟
مېنىڭ سالغان چېچىمنى،
تارى دەمدىكىن؟

شۇ بۇ خەتنى مەن يازدىم،
كۆپ جايدا كۆپ ئازدىم.
ئازسامۇ ئازغاندىمەن،
كۆيۈك ئوتىدا يازدىم.

غىپ كىرىپ غىپ- غىپ چىقادۇر،
تۆڭلۈكۈڭدىكى قارلىغاچ.
نەگە بارساڭ، نەدە تۇرساڭ،
قولتۇقۇڭدا ئاق توقاچ.

قاپاق تېرەك باشىدا،
كاككۇك سايرايدۇ.
ئايدەك جۇگان قويىندا،
يىگىت يايرايدۇ.

قارا تېرەك شېخىدا،
كاككۇك سايرايدۇ.
يارنىڭ ئۆيىگە بارسام،
مەزىن مارايدۇ.

مارىسىمۇ مارىسۇن،
گۇناھ يوق بىزدە.
بىز يار بىلەن كېلىشتۇق،
توي بولار كۈزدە.

قاراڭغۇدىن قورقمايمەن،
ئۇلۇق قولۇمدا تاشىم بار.
بىۋاپانى سۆيمەيمەن،
مېھرىبان ئاداشىم بار.

قاشلىق دېسەڭ ئۇسما بار،
تىكلەپ قويدۇم ئەينەكنى.
بۇ ئۆمۈردە سۆيمەسمەن،
سەن يارىمدىن بۆلەكنى.

قانچە ئۇستا تېۋىپ بولسا،
تومۇرنى تۇتار.
يار كېسىلى يۈرىكىمدە،
كىم ئۇنى ئۇقار.

قەلەمدەك قاشلىرىڭ،
ئايدەك جامالىڭ.
بىزنى ئوتقا سەپ قويۇپ،
كىمدە خىيالىڭ؟

قوغۇن تېرىدىم قەنتدەك،
خەقمۇ تېرىسۇن مەندەك.
خەق سۆيگەننى سۆيمەيمەن،
ئۆزۈمنىڭ سۆيگىنى قەنتدەك.

قوغۇن پىلىكى ئاختۇرۇپ،
قوغۇن تاپىمەن يارىم.
مۇرادىمغا يەتتىممەن،
سېنى ياقتۇرۇپ يارىم.

قۇرغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى،
سەكرەپ باغچىگە چۈشتى.
جەينەكتەك بويى بىلەن،
يارنىڭ كويىغا چۈشتى.

جەينەكتەك دېمەڭ بىزنى،
بىر كۆيدۈرۈۋالىمەن سىزنى.
ئانچىلا كىچىك كۆرمەڭ،
تاخلاپ سۆيىمەن سىزنى.

قوش قوۋۇقتىن قىزچىقىدۇ،
غۇلۇپنى تولغاپ.
ئالما بىلەن سالاي يارنى،
يىغلىشىپ ئويناي.

قېشى قارا، مەڭزى قىزىل،
كىملەرگە يار بولدىلا،
ئەتىگەندە يوق ئىدىلە،
نەدىن پەيدا بولدىلا؟

قىزىلگۈل ئاراسىدا
بويۇڭنى كۆرۈپ قالدىم.
ئېيتمىغانىغا بولمايدۇ،
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم.

قىزىل- قىزىل مارجان كۆردۈم،
بىلەكىڭىزدە.
بىلىق بولۇپ ئوينىۋالاي،
يۈرەكىڭىزدە.

قىزىل- قىزىل چەكمەن كىيىپلا،
ياقىسى گۈلخان.
ئەجەبمۇ يار ئىكەنلا،
ۋەدىسى يالغان.
ۋەدىنى يالغان قىلىپ،
كۆڭۈلنى بۇزغان.

ئالما ئاتتىم ئاتقانىغا،
سىم كارىۋاتتا ياتقانىغا.
بىۋاپاغا كۆڭۈل بەرسە،
قېچىپ كەتتى تۇرپانىغا.

كاككۇكۇمنىڭ ئۈننى،
ھەر جايدا ئاڭلاپ كېلىمەن.
يارىم بەرگەن پوتىنى
بېلىمگە باغلاپ.

«پېچان خەلق قوشاقلىرى» توپلىمىدىن ئېلىندى



# «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تىكى تىككۈچىلىككە ئائىت ئاتالغۇلارغا شەرھ

**مامۇت قۇربان**

ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەردىن قېزىۋېلىنغان توقۇلمىلارنىڭ يىل دەۋرى بىزگە بۇنىڭدىن 3500 يىللار بۇرۇنمۇ، يۇڭ، يىپەك، كاناپلاردىن رەخت توقۇپ ئېگىپ تىكىپ كىيىش، چىغ، يىكەن، قومۇشتىن بورا، سېۋەت توقۇپ ئىشلەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. توقۇمىچىلىق ئىشلىرىدا ئالدى بىلەن يۇڭ ساۋاش، يىپنى تۈرۈش، ئاندىن يىپنى بوياش، قۇرۇتۇش، ئېگىرىش، توقۇش ئېلىپ بېرىلاتتى. «قوي» (3-توم، 494-بەت) ۋە «تۆگە» (3-توم، 494-بەت)لەردىن قىرقىۋېلىنغان «يۇڭ» ئالدى بىلەن پاكىز يۇيۇلۇپ، قولدا تىتىلدىغانلىقى توغرىسىدا توختىلىپ «تىتىشتى»، «ئۇ ماڭا يۇڭ تىتىشىپ بەردى» (2-توم، 118-بەت) دەپ يازغان. ئوتتۇرا ئەسىرلەردە يۇڭنى قول بىلەن تىتىشتىن باشقا يەنە ياكى پاختا ئاتىدىغان سايمان «ئاتقۇ، يۇڭ ئاتىدىغان سايمان» «ياتاڭ» (3-توم ، 508-بەت) بىلەن ئېتىپ يۇمشىتىلاتتى ياكى «چەچكە» (1-توم، 559-بەت) دەپ ئاتىلىدىغان بوزچىنىڭ يىپ تارايدىغان تارىغى بىلەنمۇ يۇمشىلاتتى ۋە ياكى يۇڭ «ساۋا» (3-توم، 210-بەت) دېيىلىدىغان يۇڭ ساۋايدىغان چىۋىق (ساۋاغ) بىلەن ساۋاپ يۇمشىتىلاتتى. ساۋاغ ئادەتتە يۇلغۇن، سۆگەت ياكى تېۋىلغا (شىلۋى) ياغىچىنىڭ تىلىدا سىلىق قىلىپ ياسىلاتتى. «جاۋاغا» (3-توم، 1-بەت) (ئەتىيازلىق يۇڭ)نى ئالدى بىلەن ساۋاپ، پىلتە قىلىنىپ، بىلەككە ئۆتكۈزۈلۈپ ئېگىرىلەتتى. ساۋاپ، پىلتە قىلىپ تۈرۈپ، ھالقىسىمان ھالەتكە كەلتۈرۈلۈپ، ئاندىن ئېگىرىلىدىغان يۇڭ تۈرمىلىنى «داۋا» (3-توم، 326-بەت) پىلتە دەپ ئاتىشاتتى.

ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلار تىكىشنى «يىپ» (3-توم، 30-بەت) ياكى «يىگى» دەپ ئاتايتتى. مەھمۇد كاشغەري تىكىمچىنى «يىچى» (2-توم، 64-بەت) دەپ ئاتايدىغانلىقىنى يازىدۇ. «دىۋان»دا، «ساپتى» دېگەن سۆزدىن چىقىپ: «تىكىمچى يىڭنىگە يىپ ساپتى» (2-توم، 2-بەت )دەپ يازىدۇ. ئۇ يەنە «دىۋان»دا، «ياراتتى»،

«لايىق قىلدى» دېگەن سۆزدىن چىقىپ «ئۇ توننى لايىق
قىلىپ بەردى» (2 ـ توم، 461 ـ بەت) دەپ يېزىپ، ئەينى
ۋاقىتتىمۇ تىكىمچىلەر رەختلەرنى كىيىم تىككۈزىدىغان ئا ـ
دەمگە ئۆلچىۋالغاندىن كېيىن قايچا بىلەن كېسەتتى. «دى ـ
ۋان»دا، «ئۇ بۆزنى قايچىلىدى» (3 ـ توم، 480 ـ بەت)،
دېگىنىدىن قارىغاندىمۇ، بۆزنى ئۆلچەپ كېسىش مۇھىم
ئىدى. ئۇ «دىۋان»نىڭ بىر يېرىدە يەنە، «ئۇ يىڭنىگە
يىپ قاتتۇردى» (2 ـ توم، 271 ـ بەت) دەپ يېزىش ئارقى ـ
لىق، تىككۈچىلەر كىيىم تىككەندە يىڭنىگە ئۆتكۈزۈلىدى ـ
غان يىپنىڭ پىششىق بولۇشى ئۈچۈن، يىپنى ئېشىپ
تولاپ، ئاندىن يىڭنىگە ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇنى
«يىڭنىگە يىپ ساپتى» دەيتتى. بۇ سۆز ھازىرمۇ شۇ بويى ـ
چە قوللىنىلماقتا. يىڭنە بىلەن يىپنى تەييارلىۋالغان تىكىم ـ
چى تىكىش جەريانىدا، بارماققا يىڭنە كىرىپ كەتمەسلىكى
ئۈچۈن، تېرە، مىس ياكى توچقا ئوخشاش مېتاللاردىن قى ـ
لىنغان «ئويماق» (3 ـ توم، 61 ـ بەت) سېلىۋالاتتى.
مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «ئۇ توننى تەبجۇپ تىكتى» (3 ـ
توم، 376 ـ بەت) دېگەن سۆزىدىن، تون رەسمىي تىكىلىش ـ
تىن بۇرۇن تەبجۇپ تىكىپ كۆرۈپ بېقىپ ئاندىن ئارتۇق
جايىنى چىقىرىۋېتىپ توننىڭ ئۆۋنى ئالىدىغانلىقى ھەققىدە
توختىلىپ «تون ئۆۋنى ئېلىندى» (2 ـ توم، 194 ـ بەت)
دەپ يازىدۇ. كىيىم سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن تەبجۇپ تى ـ
كىلگەندىن كېيىن (ئۇيغۇرلار بۇنى كۆك سېلىش دېيىشىدۇ)،
تىكىمچىلەر تىككەن كىيىمنى سىناپ كۆرۈپ ئاندىن
رەسمىي تىكىشكە ئۆتكەندە، تەبجۇلگەن تىكىشنى سۆكۈ ـ
ۋېتىدىغان بىر ئىش دەپ قاراشقا بولىدۇ. كىيىملەرنى
تىكىپ بولۇپ، كىيىمگە ئىزمە بېكىتەتتى، ئۇيغۇرلاردا
ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىغا قەدەر ئىزمە تۈگۈپ سا ـ
تىدىغانلار ۋە ئىزمە تۈگۈپ بېرىدىغانلارمۇ بولغان.
بۇنداق ھۈنەرگە ئاتام قۇربان ئەھمەت (1907 ـ 1985 ـ
يىل) ئۇستا ئىدى، ئۇ كىشىلەرگە ئىزمە تۈگۈپ بېرەتتى.
«دىۋان»دا ئوتتۇرا ئەسىرلەردە كىيىم تىكىشكە ئائىت
سۆزلەر ئىنتايىن كۆپ، ئۇيغۇرلار كىيىم تىكىشنى ھازىرقى ـ
دەكلا ئاتىشاتتى. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا،
«تىكتى» دېگەن سۆزدىن چىقىپ «تىكتى» (2 ـ توم، 26 ـ
بەت)، «ئادەم تون تىكتى» ۋە «ئۇ ماڭا تون يۇمشىپ
بەردى» (2 ـ توم، 117 ـ بەت) دەپ يازغان. لېكىن يۇقى ـ
رىقى سۆزلەردىن مەلۇم بولغىنىدەك، «تىكىش» ھازىرقىغا
ئوخشاشلا تىكىش دېگەن مەنىنى «كۆپمەك» — يۆمەش
دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇمۇ بىر خىل تىكىش ئۇسۇلىدىن
ئىبارەت. مەھمۇد كاشغەرىي كىيىم تىكىش ھەققىدە شۇنچە
كۆپ توختالغىنىدىن قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا كىيىم تىكىش،
تۇرمۇشتىكى مۇھىم ئىش ھېسابلىناتتى.

ئەينى ۋاقىتتىمۇ تىكىمچىلەر كىيىملەرنى ئەستەرلىك
قىلىپ تىككەچكە، مەھمۇد كاشغەرىي «ئىچلىدى»، ئەس ـ
تەرلىدى «ئۇ توننى ئەستەرلىدى» (1 ـ توم، 376 ـ بەت)
دەپ يېزىش بىلەن بىللە «چۈرۈك بولسا ئادەم ئۆلدى ـ
ماس؛ ئىچلىك بولسا، ئات يېغىر بولماس» (1 ـ توم، 142 ـ
بەت) دېگەن ماقالنى بېرىدۇ، بۇ ـ
نىڭدىن ئوتتۇرا ئەسىردە ھەرقاند ـ
اق كىيىم ئەستەرلىنىدىغان ياكى
ئەستەرلەنمەيدىغانلىقىنى بىلگىلى
بولمايدۇ. كىيىملەر ئەستەرلىنىپ،
تىكىلىپ پۈتكەندىن كېيىن، رەسمىي
كىيىلىدىغان ھالغا كەلگىنى «تىكىك ـ
لىك تون» (1 ـ توم، 662 ـ بەت) دې ـ
يىلەتتى. «دىۋان»دىكى تىكىشكە
مۇناسىۋەتلىك سۆزلەردىن كىيىم ۋە
باشقا نەرسىلەر ھەر خىل ئۇسۇلدا
تىكىلىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.
بۇلاردىن بىر خىلى «قىيىپ
تىكىش» (1 ـ توم، 485 ـ بەت)،





«قېيىش» (1-توم، 146-بەت) (ئوغۇزچە) ئىدى. بۇ سۆزلەر زىچ، پىششىق تىكىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. يەنە بىر خىل تىكىش ئۇسۇلى «سىرىماق» بولۇپ «شىرىنتتى»، «ئۇ دېدەك قىزغا شىرماق شىرىنتتى» (2-توم، 444-بەت) دېگەن سۆزلەرنى ھازىرمۇ ئۇيغۇرلار شىرماق دېگەن مەنىدە قوللىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، «كۆپەمەك»مۇ بىر خىل تىكىش ئۇسۇلى ئىكەنلىكىنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق. ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئەسىردە «قېيىپ تىكىش»، «پىششىق تىكىش» دېگەن مەنىدە «چىگى يې» (3-توم، 316-بەت) دېگەن سۆزنى ئىشلىتەتتى. بۇ سۆز پىششىق يېپتا (تولانغان يىپتا) زىچ، قېلىن قىلىپ تىكىلگەنلىكىنى بىلدۈرسە كېرەك. ئوتتۇرا ئەسىردىمۇ خۇددى ھازىرقىدەكلا كىيىملەر ئۆلچەمسىز، ناچار تىكىلىپ قالسا بەزى يەرلىرى پۈرلىشىپ قالىدىغان، بەزى يەرلىرى تارتىشىپ قالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلەتتى. بۇنداق كىيىملەر تىكىشتىن ئاسانلا سۆكۈلۈپ كېتەتتى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «قاۋ» (3-توم، 212-بەت) دېگەن سۆزنىڭ «تون ناچار تىكىلگەنلىكتىن تارتىشىپ قالدى» ۋە «تون پۈرلەشتى، تون تىكىشتىن سۆكۈلدى» (3-توم، 178-بەت) دەپ يازغانلىقىدىن قارىغاندا، بۇنداق ئەھۋال تىكىمچىلەرنىڭ نا ئۇستىلىقىدىن ياكى تىكىمچىلەرنىڭ ئىشنى قول ئۇچىدا قىلغانلىقىدىن كېلىپ چىقاتتى. «دىۋان»دا تىكىمچىلەر ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتلىرى ئىچىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان، ئەمما ئاز ئۇچرايدىغان ئەھۋاللارمۇ بولۇپ، تىكىمچىلەر بەزىلەرنىڭ رەختىنى قىسۋالاتتى. «دىۋان»دا، «ئۇ، ئۇنىڭ تونلۇقىدىن قىسۋالدى» (OL (2-توم، 14-بەت). شۇنىڭ بىلەن كىيىمنىڭ كىچىك ياكى ناچار تىكىلىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولاتتى. XI ئەسىردە كىيىملەرنى تۆزەشنى ئۆيلەردە ئاياللارمۇ، تىكىمچىلەرمۇ قىلاتتى. بۇنداق ئەھۋاللار ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە. مەھمۇد كاشغەرىي، «ئۇ ماڭا تون سۆكۈشۈپ بەردى» (2-توم، 146-بەت) دەپ يازغىنىدىن قارىغاندا، ئوتتۇرا ئەسىردىمۇ خۇددى ھازىرقىدەكلا كونىراپ كەتكەن كىيىملەرنى ياماش ياكى يۇيۇش ئۈچۈن تونىنى سۆكىدىغانلىقى مەلۇم.

مەھمۇد كاشغەرىي «ياماقلىق بۆز» (3-توم، 69-بەت)، ياماق تىكىش ئۈچۈن تەييارلانغان بوز، «ياماشتى»، (3-توم، 101-بەت). «ئۇ ئۇنىڭغا تون ياماشىپ بەردى»، «تون ياماشتا بىر-بىرى بىلەن بەسلەشتى»، «تون ئۇپراپ، تارىلىپ كەتتى»، (3-توم، 146-بەت) دېگەن سۆزلەر كىيىم ياماشنى بەلكىم تىككۈچىلەر قىلغان بولۇشى، ئۆيلەردىمۇ قىلىنىدىغانلىقى مەلۇم. شۇ مەزگىللەردە كىيىم تىكىش دۇكانلىرى بار-يوقلۇقى ھەققىدە بىرەر نەرسە دېيىلمىگەنلىكىدىن قارىغاندا، بولمىغان بولۇشى مۇمكىن.

قولغا ئورالغان پىلتىدىن يىپ سوزۇشتا شۇ زامانلاردىمۇ «يىك» (1-توم، 67-بەت) ئىشلىتىلەتتى. يىپ تۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان قومۇش كىيدۈرۈلىدىغان يىكتىن سەل تومراق بولغان يىك «تۈرمۈزە» دەپ ئاتىلاتتى. تۈرمۈزە ئۈستىگە كىيدۈرۈلىدىغان قومۇش، «ئۈرچۇق» (1-توم، 202-بەت) دەپ ئاتىلاتتى. بۇ ئىچى كاۋاك، نوكەش ئۈرچۇقنى سەھرالىرىمىزدا كۆپىنچە ئاپتاپپەرەس ياغىچىدىن ياسىلاتتى. ئۇيغۇرلار بۇ خىل ئۈرچۇقنى «قومۇش» ياكى «قومۇش تۈرمە» دەپ ئاتىشاتتى. «دىۋان»دا يېزىلىشىچە، يىپ ئېگىرىشتە ئىشلىتىلىدىغان

يىك «ئۈچ » (1 ـ توم، 49 ـ بەت) دېيىلىدىغان تاغلاردا ئۆسىدىغان «تېۋىلغا» ياكى «شىلۋى» دەرىخىدىن مەخسۇس ياسايدىغانلىقى مەلۇم. بۇ خىل دەرەخ ئەسلىدە، كەلپىن بىلەن ئاقچى ئارىلىقىدىكى تاغلاردىن كۆپ چىقىدۇ. يىك قىرىشتا نامى بولغان كەلپىن خەلقى تاكى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىغىچە يىك، تۇرمۇزەلەر، قامچا سېپىنى مۇشۇ خىل دەرەختىن ياساپ كەلگەن.

يىپ ئېگىرىشنى ئومۇمەن ئاياللار ئىشلەيتتى. بەزىدە دېدەك، چۆرىلەرمۇ يىپ ئېگىرەتتى. «دىۋان»دا «ئۇ چۆرىسىگە يىپ ئېگىرتتى» (3 ـ توم، 582 ـ بەت)، «بۇ تولمۇ يىپ ئېگىرگەك خوتۇن» (1 ـ توم، 214 ـ بەت) دەپ يېزىلغانلىرىدىن قارىغاندا، ئوتتۇرا ئەسىردە يىپ ئېگىرىشنى كەسىپ قىلغان ئاياللارنىڭ بولغانلىقى، شۇ زامانلاردىلا توقۇمىچىلىق ئىشلىرىنىڭ راۋاجلانغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋان»دا يىپ ئېگەرىش ھەققىدە شۇنچە كۆپ توختىلىشى، ھەتتا «ئېگىرىلگەن يىپ» (1 ـ توم، 142 ـ بەت) دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنىڭ يېزىلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا يىپ ئېگىرىشنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىردە كىشىلەر قوي يۇڭى، تۆگە يۇڭلىرىدىن يىپ ئېگىرىپلا قالماي، يەنە پاختىدىنمۇ يىپ ئېگىرەتتى، مەھمۇد كاشغەرىي كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتتى بولغان توقۇمىچىلىق ئەشياسى كېۋەز توغرىسىدىمۇ توختىلىپ «كېۋەز غوزىلىدى» (1 ـ توم، 386 ـ بەت) دەپ يازغان بولسا، يەنە بىر يېرىدە «كېۋەز ئېرىغدىدى» (1 ـ توم، 399 ـ بەت) دەپ يازىدۇ. كېۋەز كۆزدە يىغۋېلىنىپ، قۇرۇتۇلۇپ «چىغرىق» (1 ـ توم، 549 ـ بەت)تە چىگىتنى ئايرىۋېلىپ، ياتاغدا ئېتىلىپ، پىلتە قىلىناتتى. يىپ ئېگىرىلىپ بولغاندىن كېيىن، قومۇشقا تۇرۇپ، چەيپە يىپ ھالىتىگە كەلتۈرۈپ «يۆگەتتى» (2 ـ توم، 506 ـ بەت)، ئۇيغۇرلار يىپەك ياكى پاختا يىپ كالالەكلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا «يۇمغاق» (3 ـ توم، 510 ـ بەت)، دەپ ئاتىشاتتى.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ يىپ ئېگەرىش ھۈنەرلىرى ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتلىرىدىن قارىغاندا، ئۇلار يىپنى توقۇلىدىغان ياكى ئۆرۈيدىغان نەرسەلەرنى كۆزدە تۇتۇپ ئېگىرىدىغانلىقى مەلۇم، ئۇ «ئاسرى» دېگەن سۆزنى «قاپلان» (1 ـ توم، 170 ـ بەت) ئالا ئارغامچا دەپ ئىزاھلىغاندىن كېيىن، «ئىككى خىل رەڭلىك ھەر بىر نەرسىنىمۇ قاپلان رەڭگىگە ئوخشىتىپ، «ئاسرى يىشىغ» دەپ چۈشەندۈرۈلۈشىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بەزى نەرسىلەرنى ھەر خىل رەڭلىك يىپلار بىلەن ئۆرۈيدىغانلىقى مەلۇم. «دىۋان»دا، «ئارغامچا ئېشىش ئۈچۈن تەييارلانغان يۇڭ» (1 ـ توم، 203 ـ بەت) دەپ يېزىلغان، بۇ يۇڭ تەييارلاشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى بولۇپ، بۇنداق ئەھۋالدا يۇڭنى قول بىلەن تىتسىمۇ بولاتتى.

ئۇيغۇرلار ئېگىرىلگەن ئىككى خىل رەڭلىك يىپتىن پالاس، تاغار، خۇرجۇن، كاشا (يىپ تاسما، ئۈچ يىپلىق، بەش يىپلىق، يەتتە يىپلىق)لار توقۇپلا قالماي، يەنە شىرماقلارنى توقۇيتتى. ھازىرقى مەزگىلدە ئۇيغۇرلار كىگىز، رەڭلىك پالاس، رەڭلىك كىگىز (تەڭلىمات)لارنى كۆپرەك ئىشلەتسە، قىرغىزلار شىرماقنى كۆپ ئىشلىتىدۇ. «دىۋان»دا «ئۇ ماڭا تانا ئۆرۈشتى» (1 ـ توم، 247 ـ بەت) دەپ يېزىلغىنىدىن قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتىمۇ تانىلارنى ئېشىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. يۇقىرىدا دېيىلگەندەك ئۆرۈلۈشكە تەييارلانغان يۇڭ ۋە پاختىلارنىڭ كۆپ قىسمى قولدا ئۆرۈلۈپ، تۈرلۈك كىيىملەرنى



توقۇيدىغانلىقى ۋە تانىلارنى ئېشىدىغانلىقى، چىغدىن «چىغدان» (3-توم، 177-بەت)، قومۇش، يىكەنلەردىن بورا، سۆگەت تېلى ۋە يۇلغۇن، توغراق تاللىرىدىن سېۋەتلەرنى توقۇيتتى. مانا بۇلاردىن ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مەھمۇد كاشغەري «دىۋان»دا «توقۇتتى» دېگەن سۆز ئاساسىدا «ئۇ بۆز توقۇيتتى» (2-توم، 451-بەت)، «ئادەم بۆز توقۇدى» (3-توم، 366-بەت) دەپ يازغان، بۇنىڭدىن قارىغاندا، يىپلار كۆپىنچە رەخت توقۇشقا ئىشلىتىلىدىغانلىقى مەلۇم.

رەختلەر ئاساسەن ھازىرقىدەكلا دۇكاندا توقۇلاتتى. ئۇزۇنىسىغا تارتىلغان يىپلار خۇددى ھازىرقىدەكلا «ئۇرۇش» (1-توم، 83-بەت) دېيىلسە، توغرىسىغا تارتىلىدىغان يىپلار «ئارقاق» (1-توم، 159-بەت) دەپ ئاتىلاتتى. توقۇمىچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان يەنە بىر خىل ئەسۋاب «كامان» (1-توم، 508-بەت) ئارقاق بىلەن يۇرۇشنى بىر-بىرىدىن ئايرىشتا ئىشلىتىلەتتى، مانا بۇ ئوتتۇرا ئەسىردە رەخت توقۇيدىغان دۇكان بارلىقىنىڭ ئىسپاتى. گەرچە «دىۋان»دا ئۇرۇشكە سېلىۋاتقان ئارقاقنى چىڭىتىدىغان «قىلىچ» توغرىسىدا بىرەر نەرسە دېيىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن تاغار — پالاس توقۇغۇچىلار بىر تەرىپى خۇددى پىچاق بىسىغا ئوخشايدىغان، ئۆرۈك ياكى ئۈجمە ياغىچىدىن ياسالغان، قىلىچنى ئىشلىتىپ، ئارقاق يىپنى ئۇرۇپ چىڭىتاتتى.

ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئەسىر ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ ئۆرۈشى يۇڭ، ئارقىقى پاختا قىلىنىپ توقۇلغان بىر خىل رەختنى «ياتۇق» (3-توم، 17-بەت) دەيدىغانلىقى، يەمەكلەر كىيىم تىكىپ كىيىدىغان كۆپىنچە يېپىنچا قىلىدىغان پاختا رەختنى «چەك» (3-توم ، 213-بەت) (بۇ بەلكىم يېقىنقى زامانىنىڭ قەشقەر چەكمىنى بولۇشى مۇمكىن) دەيدىغانلىقى مەلۇم. ئۇنىڭدىن باشقا يول-يول توقۇلغان «كەمەك» (1-توم، 509-بەت) دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل گۈللۈك پاختا رەخت (بۇ قەسەم بولۇشى مۇمكىن)مۇ بولۇپ، بۇ خىل گۈللۈك رەختنى قىپچاقلار يامغۇرلۇقتا كىيىدىغانلىقى ئەسكەرتىلگەن. «دىۋان»دا، «ئېگىرىلمەگەن مەشۇت» (1-توم، 543-بەت)، يىپەك يىپ چەيپىسى (كاللىگى) «يۇمغاق» (3-توم، 510-بەت) دېيىلەتتى. «يېشىل يۇزلۇك يىپەك رەخت» (3-توم، 194-بەت)گە ئوخشاش ئۇرۇشتە مەلۇم بىر رەڭ ئاساسىي ئورۇندا بولۇپ، ئارقاقتىكى رەڭ شۇنىڭغا مۇناسىپ قىلىپ توقۇلىدىغان يىپەك رەختنىڭ توقۇلۇشى ھەققىدە سۆزلىنىشى ئۇيغۇرلاردا يىپەك توقۇمىچىلىقىمۇ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

XI ئەسىردە ئۇيغۇر ئاياللىرى كەشتەرلەش، زەر بېسىش ھۈنەرلىرىگىمۇ پۇختا ئىدى. «دىۋان»دا «كەشتىلىدى» دېگەن سۆزدىن چىقىپ، «قىز زەر يىپ بىلەن يىپەك رەخت ئۈستىگە كەشتە تىكتى» (3-توم، 412-بەت) دەپ چۈشەندۈرۈشىدىن، ئوتتۇرا ئەسىردە خۇددى ھازىرقىغا ئوخشاشلا ئاياللار، بولۇپمۇ قىزلار زەر يىپلار بىلەن كەشتە تىكىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. «دىۋان»دا، «چەكمە» (1-توم، 541-بەت) دېگەن سۆزنى «يىپەك رەختكە زەر بېسىش» دەپ ئىزاھلايدۇ. مەھمۇد كاشغەري يەنە «چەكىن» (1-توم، 541-بەت) دېگەن سۆز مەشۇت يىپ «چىكىم يىپى» دېگەن مەنىلەردە بولىدىغانلىقىنى يېزىش بىلەن بىللە، بۇ سۆز يەنە يىپەك رەختكە زەر بېسىش، يەنى ئالتۇن زەرلىك مەشۇت بىلەن كەشتە بېسىش، تىكىش (كەشتىلەش) دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدىغانلىقىنىمۇ يازىدۇ. بۇنداق كىيىملەر ئۇيغۇرلاردا ھازىرمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. چىكەن دوپپا، بادام دوپپا، ياقىسى كەشتىلەنگەن كۆڭلەك، بەلباغلار بۇنىڭ مىسالى. قەشقەر چەكمىنى ئىككى خىل بولاتتى: بىرى، يۇڭ «چەكمەن» (1-توم، 453-بەت) بولۇپ، بۇ خىل چەكمەن كۆپىنچىسى تۆگە يۇڭىدا توقۇلغانلىقى ئۈچۈن، «تۆگە چەكمىنى» دەپمۇ ئاتىلاتتى. يەنە بىرى ئۇرۇش يىپ تولغىنىپ، ئارقىغى يالاڭ يىپتا توقۇلىدىغان پاختا رەختلىك چەكمەن ئىدى. بۇلار قەشقەردە توقۇلاتتى، تاكى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىغىچە مەۋجۇت ئىدى. «دىۋان»دا يەنە «بەردى» (1-توم، 467-بەت) دېيىلىدىغان رەختنى توقۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۇرۇش يىپ ئىزاھلانغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھەقتە ئارتۇق بىر نېمە دېيىلمىگەن.

### بورا توقۇش

مەھمۇد كاشغەري چېدىردا ياشايدىغانلارنىڭ چىغدىن توقۇيدىغان پەردىسى ھەمدە كىگىز چىلەرمۇ چىغدىن چوڭ-كىچىك ئۆلچەملىك «چىغدان» (3-توم،

177- بەت)لارنى توقۇپ ئىشلىتىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بېرىپلا قالماي، «يىكەن» (3- توم، 28- بەت)دىن توقۇلىدىغان بورا ھەققىدە توختالغان بولسىمۇ، لېكىن «قومۇش» (3- توم، 177- بەت)تىن بورا توقۇش ھەققىدە بىر نېمە دېمىگەنلىكىدىن قارىغاندا قومۇشتىن بورا توقۇش كېيىن مەيدانغا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. تۇرپان قاراغوجىدىكى بىر قىسىم قەبرىستانلىقلاردىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى زامانلارغا تەۋە بولغان يىكەندىن توقۇلغان بورىلارنىڭ تېپىلىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆسۈملۈك تالالىرىدىنمۇ پايدىلانغانلىقىنىڭ پاكىتى. ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلار خۇددى ھازىرقىدەك يۇلغۇن، توغراق، سۆگەت تالالىرىدىن «سېۋەت» (1- توم، 593- بەت)، «چويلا» (3- توم، 599- بەت)لەرنى توقۇسا، ئات قىلى ياكى كىرىچتىن «ئۆتكەمە» (1- توم، 174- بەت)، غەلۋىر، ئەلگەكلەرنى توقۇيتتى. چىگىدىن «كۇشۇك» (1- توم، 525- بەت). باشقا قاچىلارنى توقۇپلا قالماي، يەنە چىغدىنمۇ سېلىنچىلارنى، لاخسا (كۇشۇك)لارنى، چىغ چويلا، سېۋەتلەرنى توقۇيتتى، چىغ ۋە يىكەنلەرنى تېكىمگىلەرنىڭ قۇملىرىغا سامان ئورنىدا ئىشلىتەتتى. بۇ خىل ئەھۋال ھازىرمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. قومۇشتىن توقۇلىدىغان بورا تاكى ھازىرغىچە بازارلىرىمىزدا كەمگىرى ئۇچرايدۇ، ئۇ ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىگە، كاڭلارغا سېلىنىشتىن باشقا، قاشا قىلىشقىمۇ ئىشلىتىلگەن. ھازىرچە «دىۋان»دا بۇ سۆزلەرنى بايقىمىغان بولساقمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلار تېرىقچىلىق مەزگىلىدە چىغىرتماق ۋە چىغدىن كۇلا ئېشىپ تېرىقچىلىق ئۈچۈن ئىشلىتەتتى. بۇلار سۇغا چىلاپ ئىشلىتىلسە، پەقەت بىر قېتىملىق تېرىقچىلىق ئىشلىرىغىلا بولاتتى، بۇنداق ئەھۋالنى شەھەردىكىلەر بىلمەيتتى.

### ئۆتۈك

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا ئۆتۈك توغرىسىدا خېلى كۆپ توختالغان. ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن خېلى بۇرۇنلا باشقا كىيىدىغان كىيىملەرگە ئېتىبار بەرگىنىگە ئوخشاش، پۇتىغا كىيىدىغان ئۆتۈك، چورۇق ۋە باشقا ئاياغ كىيىملەرگىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنىدى. ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئەسىرلەردە «ئۆتۈك» (1- توم، 93- بەت) كىيەتتى. ئۆتۈك ئۇيغۇرلارنىڭ خاس مىللىي ئاياغلىرىنىڭ بىرى ئىدى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «ئۆتۈك»، «ئۆتۈكچى» (2- توم، 64- بەت) دېگەن سۆزنى ئاياغ كىيىم تىككۈچى، موزدوز دەپ ئىزاھلىشىدىن قارىغاندا، شۇ چاغلاردا ئاياغ تىكىشنى كەسىپ قىلغان ھۈنەرۋەنلەر بارلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىرلەردە موزدۇزلار ئىش تاختىسى كۆتەك «تومرۇم يىغاچ» (1- توم، 631- بەت) دېيىلىدىغان گۈندا — كۆتەك ئۈستىدە ئىش قىلاتتى. كۆن- خۇرۇملارنى مۇشۇ كۆتەك ئۈستىدە كېسەتتى. يەنە ئۇلار ھازىرقى موزدۇزلار ئىشلىتىدىغان «سىراج» (2- توم، 414- بەت) ئىشلىتەتتى ۋە ياكى جىگدە يېلىمى بىلەن بۇغداي ئۇنىدىن تەييارلانغان «مولغۇي» (3- توم، 332- بەت) ئىشلىتەتتى. «دىۋان»دىكى تىككۈچىلىككە ئائىت ئاتالغۇلار موزدۇزلارنىڭ خۇددى كىيىم تىككۈچىلەرگە ئوخشاش ئالدى بىلەن كىيىملەرنى ئۆلچەپ، كېيدۈرۈپ بېقىپ تىككەندەك، ئۆتۈك ۋە باشقا ئاياغلارنىمۇ خېرىدارلارنىڭ پۇتىغا ئۆلچەپ تىكەتتى. «دىۋان»دا پۇتىغا لايىق ئۆتۈك تىكىش ۋە تىكتۈرۈش ھەققىدە ئۆتۈنۈپ يازغان سۆزى «ئۇ ئۆتۈكنى ماڭا لايىق قىلىپ بەر» (2- توم، 461- بەت)دىن موزدۇزلار قىلغان ئىشنىڭ پۇختا بولۇشىنى، خېرىدارلارنىڭ تەلىپىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان. موزدۇزلار ئاياغ كىيىمنىڭ پۇختا تىكىلىشى ئۈچۈن، ئۆتۈكنىڭ تىكىش ئارىسىغا تېرىدىن «زىغزىق» (3- توم، 385- بەت) سالاتتى. تېرە پۇرۇچلاردىن زىغزىق كېسىپ ئېلىناتتى ياكى خۇرۇمنى ئىنچكە يىپتەك كېسىۋېلىپ تىكىش ئارىسىغا «سىغزىغ» قوياتتى. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا «ئۆتۈكنىڭ تىكىش ئارىسىغا زىغزىق سالدى» دەپ يېزىپ ھەرقانداق نەرسىنى ئىككى نەرسە ئارىسىغا سىغداپ كىرگۈزسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ دەپ ئىزاھلىغان.

«دىۋان»دا يەنە «ئۇ ئۆتۈك تۈزەتتۈردى» (1- توم، 292- بەت) دەپ يازغىنىدىن قارىغاندا، ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ھازىرقىدەكلا ئاياغ كىيىملەرنى يامايدىغان، چەمىنى باشقىدىن سالدۇرىدىغان ۋە سالىدىغان كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. تۇرپان، خوتەن، كىرروران، چەرچەن ئەتراپىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەر مىلادىيە 2-، 3- ئەسىرلەر ۋە مىلادىيە 5-، 8- ئەسىرلەرگە تەۋە بولغان قەبرىلەردىن قارا، جىگەررەڭ،

سىرىق رەڭ، قىزىل رەڭلەردە بويالغان ئۆتۈك ۋە چوقايلارنىڭ قىزنۇېلىنىشى، ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن خېلى بۇرۇنلا كۆن-خۇرۇملارنى بوياپ ئۆتۈك تىكىپ كىيىش ماھارىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئىقتىسادى بىر قەدەر ياخشى بولغان ئەرلەرنىڭ، ئايالالارنىڭ كىشىلەرنىڭ ئۆتۈكلىرى كۆن (خۇرۇم ياكى تېرە) ياكى كىگىزدىن تىكىلەتتى. ئۇلار «ئويما» (2-توم، 135-بەت) دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل كىگىز ھەققىدە توختىلىپ، «ئۇ ماڭا پايپاقلىق بېسىپ بەردى» دەپ يېزىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كىگىزدىن ئۆتۈك (پىيما، پايپاق) كىيىدىغانلىقى ۋە ياخشى كۆرىدىغانلىقىدىن مەلۇمات بېرىدۇ. ئۇيغۇر كىگىزچى ئۇستىلار ھازىرمۇ بۇ خىل ئاياغ كىيىمنى يۇڭدىن قويىدۇ، ئەتىۋارلاپ كىيىشىدۇ، بەزىلەر باشمىقىغا كۆن قويدۇرۇپ چەملەپ كىيىدۇ، ئىسسىق بولغانلىقى سەۋەبىدىن دۇكان خىزمەتچىلىرى قاتتىق سوغۇقتا كىيىشىدۇ. ئۇيغۇرلار پىيمىنى چوت كەڭگە ئوخشىتىپ «چوت پايپاق» دەپ ئاتايدۇ، گەرچە «دىۋان»دا ئۆتۈك قىلىنغان كىگىز ھەققىدە بىر نەچچە يەردە توختالغان بولسىمۇ، لېكىن «ئۆتۈك» (2-توم، 296-بەت) دېگەن ئىسىم كىگىز ئۆتۈك «پايپاق» دېگەننى بىلدۈرىدىغان ياكى بىلدۈرمەيدىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق.

«دىۋان»دىن «ئۆتۈكلۈك قىرىم» (1-توم، 206-بەت) دېيىلىدىغان قىرىمدىن ئۆتۈك تىكىلىدىغانلىقى مەلۇم بولسىمۇ، بۇ خىل قىرىم قانداق تېرىدىن ئىشلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق بىر نېمە دېيىلمىگەن. «دىۋان»دا يەنە ئۆتۈكنىڭ تىكىلىشى ۋە شەكلى توغرىسىدا ئازراق مەلۇمات بەرگەن. مەھمۇد كاشغەرىي ئۆتۈكنىڭ بېخسىنىڭ پىششىق بولۇشى ئۈچۈن، تىكىشلىرى ئارىسىغا قويۇلىدىغان بىر تىلىم تېرىنى «سىغزىغ» (1-توم، 606-بەت) دېسە، ئۆتۈكنىڭ پاشنىسى (تاپىنى ــ كاللىگىرى)نى «ئۇلتاڭ» (1-توم، 157-بەت) دەپ ئاتايتتى.

XI ئەسىرلەردە موزدۇزلار ئۆتۈكلەرنى خۇددى ھازىرقىدەكلا خېرىدارلارنىڭ پۇتلىرىغا لايىق قىلىپ تىككەچكە، ئۇنى خېرىدارلار «ياراتتى» (2-توم، 461-بەت) دەپ بىلەتتى. ئەگەر ئۆتۈكلەر ئۆلچەمسىز تىكىلىپ قالسا، پۇتنى ئاغرىتقانلىقى، يالاپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا توختىلىپ «تار ئۆتۈك ئاياغنى قىسىپ قويىدى» (3-توم، 132-بەت)، يالاپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا توختىلىپ، «ئۆتۈك ئاياغنى قاپارتتى» (3-توم، 584-بەت)، بۇ ئىششىق پەيدا قىلغان قاپارتقۇ دەپ چۈشەندۈرگەن، ھەتتا ئۆتۈك «پاشنىسىنىڭ بىر تەرىپى ئۇپراپ كەتكەن ئۆتۈك» (3-توم، 332-بەت)لەرمۇ بولۇپ، بۇنداق ئۆتۈكلەر چوقۇم تۈزىتىلەتتى.

مەھمۇد كاشغەرىي «ئۆتۈك» دېگەن سۆزنى ئىزاھلاش ئۈچۈن ئەينى ۋاقىتتا ھەممە كىشىنىڭ ئۆتۈك كىيىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى ئاشكارىلىغان. «ئادەم ئۆتۈكلۈك بولدى» (1-توم، 387-بەت) دەپ يېزىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئەسىرلەردە بادام دوپپا، چىمەن دوپپا كىيگىنىدەك ئۇيغۇرلار ئاشلانغان يۇڭلۇق تېرىلەردىن «قولقاپ» (1-توم، 207-بەت)، «پەلەي»لەرنىمۇ تىكىپ كىيەتتى. ئۇلار ئۆتۈكلەرنىڭ قونچىسىغا پارقىراق تەڭگەلەرنى ئورنىتاتتى. مەھمۇد كاشغەرىي ئايالچە ئۆتۈك توغرىسىدا توختىلىدۇ. ئوغۇزلار «بۇكۇم ئۆتۈك»، باشقا تۈرك قوۋملىرى «مۇكۇم ئۆتۈك» (1-توم، 514-بەت) دەپ ئاتايدىغان ئايالچە ئۆتۈكلەر بارلىقى توغرىسىدا توختالغان. بۇنداق ئايرىم ئىسىملار بولغىنىدىن قارىغاندا، ئەرلەرنىڭمۇ ئۆتۈكى بارلىقىدا مەسىلە يوق. ئۆتۈك توغرىسىدا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «سۇنى كۆرمىگۈچە ئۆتۈك سالما» (3-توم، 580-بەت) دېگەن ماقالىنى يازغىنىغا قارىغاندا، ئۆتۈك ئۇيغۇرلاردا خېلى بۇرۇنلا بارلىققا كەلگەنلىكىدە گەپ يوق.

«چۇرۇق» (1-توم، 494-بەت). ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئۆتۈكتىن كېيىن قالسىلا كۆپ كىيىلىدىغان بىر خىل ئاياغ. «دىۋان»دا چۇرۇقنى ئايالالارنىڭ كىيىدىغان-كىيمەيدىغانلىقى ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە بولغىلى بولسىمۇ، لېكىن ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلار بۇنىڭدىن 2500 ــ 3000 يىللار بۇرۇنمۇ ئايالچە چۇرۇقلارنىڭمۇ بارلىقىنى ئىسپاتلىدى. مەھمۇد كاشغەرىي «ئۇ پۇتىغا چۇرۇق كىيدى» (3-توم، 461-بەت) دەپ يېزىش ئارقىلىق، چۇرۇق كەڭرى تارقالغان ئاياغ ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىغان. «دىۋان»دا يەنە «ئىزلىق» (1-توم، 141-بەت) دېيىلىدىغان، ھايۋان تېرىسىدىن تىكىلىدىغان بىر خىل چۇرۇقنىڭمۇ بارلىقىنى ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تۆگە تېرىسىدىن تىكىلىدىغان «بۇچقاق تېرە» (1-توم، 608-بەت)دىن ئاياغ كىيىمى

ياكى تېرىدىن تىكىلىدىغان بىر خىل چۇرۇقنىڭ بارلىقىنى تىلغا ئالغان. بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئەسىردە تۆگە تېرىسىدىنمۇ كەڭرى پايدىلانغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا، «ياياقنىڭ ئېتى چۇرۇق، كۆچى ئۇزۇق» (1-توم، 494-بەت) دېگەن ماقالە بىلەن «چۇرۇق بولسا ئادەم ئۆلمەس، ئىچىلىك بولسا ئات يېغىر بولماس» (1-توم، 141-بەت) دېگەن ماقالىلەر بىلەن چۇرۇقنىڭ قانچىلىك كەڭ تارقالغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا «دىۋان»دا يەنە چۇرۇق قىلىشقا تەييارلانغان تېرە «چۇرۇقلۇق» (1-توم، 654-بەت)، دەپ يېزىلغان بولسا، «چۇرۇقلۇق ئادەم» (1-توم، 647-بەت) دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنىڭ تىلغا ئېلىنىشى چۇرۇقنى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلار كۆپ كىيىدىغان ئاياغ ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. «دىۋان»دا «كەش» (1-توم، 609-بەت)، باشماق، ئۆتۈك ۋە چۇرۇقتىن باشقا كەشلەرنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر بەرگەن.

## كىگىز قويۇش

كىگىز قويۇش ئادەتتە، كىگىز بېسىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «بېسىش» دېگەن سۆز ھازىر كۆپىنچە كىگىزگە گۈل بېسىشقا قارىتىلغان. مەھمۇد كاشغەرىي كىگىز پۇت بىلەن تېپىلىپ بېسىلىدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ، «ئۇ ماڭا پايپاقلىق بېسىشىپ بەردى» (2-توم، 135-بەت) دەپ يېزىش ئارقىلىق پايپاق قىلىنىدىغان كىگىزنى بېسىش ھەققىدە خەۋەر بەرگەن. ئۇ كىگىز بېسىش ئۈچۈن تەييارلانغان يۇڭ «كىگىزلىك يۇڭ» (1-توم، 659-بەت) دېگەن بىرلا سۆزنى يېزىپ قالدۇرىدۇ. لېكىن كىگىزنىڭ قانداق بېسىلىدىغانلىقى ھەققىدە ھېچ نەرسە دېمىگەن بولسىمۇ، بۇنىڭدىن بىز ھازىرقى كىگىزچىلەرنىڭ كىگىز قويۇش ھۈنىرىنىڭ ئۇزاق تارىخىي جەريانلارنى بېشىدىن كەچۈرگەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. «ئۇ كىگىزنى قاپلان رەڭگىگە كىرگۈزدى، يەنى كىگىزگە ئالا چىپار گۈل باستى» (1-توم، 415-بەت) دەپ يازغىنىدىن قارىغاندا، ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلار بىر خىل رەڭلىك (سىيدام) كىگىزلەردىن باشقا يەنە گۈللۈك كىگىزلەرنىمۇ باسىدىغانلىقى مەلۇم. ئەينى ۋاقىتتا قەشقەردىن چىقىدىغان «كىمشىكە» (1-توم، 638-بەت) دەپ ئاتىلىدىغان گۈللۈك پالاسنىڭمۇ داڭقى بار ئىدى. بەزى كىگىز پالاسلارغا قاپلان تېرىسىدەك ئالا-چىپار گۈل بېسىلىدىغانلىقى مەلۇم.

«جايدام» (3-توم، 243-بەت). ئىسسىلىك يۇپقا كىگىزنى ھەم يامغۇرلۇق تىكىش ئۈچۈن ھەم يەنە كۆرپىنىڭ ئىچىگە سېلىش ئۈچۈن ئىشلىتەتتى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىغا قەدەر كىگىزدىن قالپاق قويۇپ كىيىپ كەلگەن غۇلجا خەلقى ياقتۇرۇپ كىيىدىغان «قايرىما بۆك» (1-توم، 638-بەت). قالپاق (كىگىز قالپاق)، جىلتىكە، يامغۇرلۇق، چۇرۇقلارمۇ يۇڭدىن بېسىلاتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيدىكى «سېلىنچا» (3-توم، 224-بەت)لىرىنىڭ كۆرپىلىرى يۇڭدىن توقۇلاتتى.

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى كىگىز XI ئەسىرلەردە ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان سەرەمجان ئىدى. بۇنداق بولۇشى ئۇيغۇرلار مەيلى دېھقانچىلىق ياكى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانسۇن ئۇلارنىڭ چارۋا باقمايدىغىنى يوق ئىدى. ئۇيغۇرلاردا تاكى ھازىرغىچە داۋاملىق ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان «جەيناماز» بىر كىشىلىك كىگىز قاتارلىقلارمۇ يۇڭدىن قويۇلىدۇ. ئۇيغۇرلار ئەينى ۋاقىتتا كىگىزدىن «قۇم» تۆگە قومى (3-توم، 187-بەت) تۆگە قومى، «ئۇچۇلۇق» (1-توم، 653-بەت)، ئېشەك، كالا جۇللىرىنى تىكەتتى ۋە بازارلارغا سالاتتى.

مەھمۇد كاشغەرىي «يازىم» دېگەن سۆزنى تۆشەك ۋە كۆرپە دېگەن مەنىدە ئىشلەتكەن. بۇ سۆزگە ئاساسلانغاندا گىلەمنى «يۇڭلۇق كۆرپە» (3-توم، 23-بەت) تۈكلۈك كۆرپە تۆشەك دېگەنلىكى مەلۇم. بۇنىڭدىن شۇنى بىلەلەيمىزكى، ماددىي شارائىتى ياخشى ئائىلىلەر ئۆيلەرگە گىلەم سالاتتى، ماددىي شارائىتى ياخشى بولمىغان ئائىلىلەر ئۆيلىرىگە پالاس، كىگىز ياكى «گىلەم» بورا سالاتتى. مەھمۇد كاشغەرىي «كېۋىز» (1-توم، 474-بەت) دېگەن سۆزنى كىگىز ۋە پالاسقا ئوخشاش نەرسىلەر دەپ تەرىپلىگەندىن كېيىن، «كۈۋۈز» (3-توم، 224-بەت) دېگەن سۆزنىمۇ يۇڭدىن قويۇلغان سېلىنچا، تۆشەك، گىلەم، پالاس ۋە باشقا نەرسىلەر دەپ تەرىپلەيدۇ. بۇ ئىككى سۆزنىڭ ئەرەبچە مەنىلىرىنىڭ ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىغا قارىغاندا ئۇلار ئوخشاشلا «سېلىنچا» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز، ئەمما ئۇيغۇرلار ھازىرمۇ يۇڭدىن قويۇپ ئىشلەنگىنىنى «كىگىز» دەپ ئاتاپ كەلمەكتە.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا)

# ئاجى پاشا بلەن زورا خېنم



ئاق خان بلەن قارا خان بار ئىكەن، ئىكىسى تولا دوس ئىكەن، ھەر يەرگە بارسا بللە بارات ئىكەن، ئىكەلسىنىڭ خوتۇننىڭ قوسۇغىدا بىر بالىسى بار ئىكەن، بۇلار بىر-بىرىگە ئايتىپتۇ: ئىكىمىزنىڭ خوتۇنى تۇغسا، بىر ئوغۇل، بىر قىز بولسا، بۇلارنى بىر-بىرىگە ئېلىپ بەرەلىن! دەپ ۋەدە قىلىشىپتۇ. بىر كۈنى ئاق خان بلەن قارا خان ئوغا ① چىقىپتۇ. بۇ ئىكەلسىنىڭ خوتۇنى تۇغۇپتۇ، ئاق خاننىڭ خوتۇنى ئوغۇل تۇغۇپتۇ، قارا خاننىڭ خوتۇنى قىز تۇغۇپتۇ، تۇققاندىن كىن بۇلارغا خەبەر② بەرىپتۇ. خەبەر بەرگەندىن كېيىن ئاق خان خوتۇنى ئوغۇل تۇغدى دەپ ئاڭلاپ خۇشاللىقىدا ئېتىنى يۇگۈرتۇپ كەلىپ بىر كۆبرۈك③ تىن ئۆتكۈچە، كۆبرۈكتىن تۆشۈكىگە ئاتىنىڭ پۇتى كىرىپ كەلىپ ئېتى يىقىلىپ، ئاق خاننى بېسىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. قارا خان خوتۇنى قىز تۇققانىنى ئاڭلاپ تول ئاستا كەلىپتۇ، تەش ④ كەپتۇ، كەلسە ئاق خان ئۆلۈپ قاپتۇ، ئاڭا بىر مۇنچا يىغلاپ

ئېلىپ چىقىپ يەرگە كۆمۈپتۇ.

ئاندىن كىن قارا خان ئاق خاننىڭ بالىسىنى، ئۆزدىنىڭ بالىسىنى ئىكىسىنى بىقىپتۇ، كۈندىن كۈنگە ئۇل باللار چوڭ بولۇپتۇ، بەش- ئالتى ياشقا كىرگەندىن كىن، بۇ ئىكى بالىنى مەختەپكە ⑤ بەرىپتۇ، بۇ باللار تولا چىرايلىق ياخشى باللار بوپتۇ. قارا خاننىڭ قىزىنىڭ چىرايلىقلىغىنى تولا خاخلار ⑥ ئاڭلاپتۇ. بىر كۈنى بۇلارغا بىرىنگە تاجى پاشا دەپ ئات قويۇپتۇ، قىزىغا زورا خېنىم دەپ ئات قويۇپتۇ. بىر كۈنى مەختەپتىن كەلگىچە، تاجى پاشىنىڭ بىر ئالتۇن ئوشۇغى بار ئىكەن، ئىنى ⑦ ئىتىپ ئوينايدىغان ئىكەن، بىر كۈنى كەلىپ يىتىپ ئوشۇغنى ئىتىپتۇ، بىر مامانىڭ ⑧ قاچىسىغا تەگىپ قاچىسىنى سۇندۇرۇپتۇ. سۇندۇرغاندىن كىن ماما ئايتىپتۇ: ئاتىسىز شۇم سەن، ئوشۇغۇڭنى مەنىڭ قاچامغا ئاتقىچە قولۇشلۇغۇڭ ⑨ زورىغا ئاتماسەن، دەدى. دەگەندىن كىن تاجى پاشا ئايتتى: مەنىڭ ئاتام بار بولسا، نەمە ئىشكە مەنى شۇم دەيسەن، زورا مەنىڭ سىڭنىم بولسا، نەمە ئىشكە قولۇشلۇغۇم دەيسەن؟ دەدى. ماما ئايتتى: سەنىڭ ئاتاڭ سەن يەڭى ⑩ تۇققاندا ئوغۇل تۇغدى دەپ خەبەر بارغان خوشاللىغىدا ئات يۈگۈرتۈپ كەلىپ ئاتتىن يىقىلىپ ئۆلگەن. سەنىڭ ئاتاڭ ئاق خان ئىدى، بۇ قارا خان زورىنىڭ ئاتىسى، دەدى. سەن بىرىپ ئاناڭدىن سورىغىن! دەدى. ئۇل ئايتتى: مەن ئانامدىن نەمە سورايمەن، دەدى. ماما ئايتتى: سەن بىرىپ ئاناڭغا بۇغداي قورۇپ بەرگىن! دە، بۇغداينى قورۇپ قاچىغا بەرسە، ئەلمىغىن! قولۇڭ بىلەن بەرگىن! دە، قولى بىلەن بەرسە، قولىنى تۇتۇپ ئالغىن! ئاندىن كىن سورىغىن! مەنىڭ ئاتام نەگە كەتكەن؟ دەپ. قولى كۆيگەندىن كىن ساڭا راستى بىلەن ئايتىپ بەرىدۇ، دەدى.

تاجى پاشا مامىدىن ئۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئۆيىگە باردى، ئانىسىغا ئايتتى: ماڭا بۇغداي قورۇپ بەر! دەدى. دەگەندىن كىن ئانىسى بۇغداي قورۇپ قاچىغا سېلىپ بەردى. ئالغىلى ئۇنۇمىدى، ماڭا قولۇڭ بىلەن بەرگىن! دەدى. دەگەندىن كىن ئانىسى قورغان بۇغداينى قولى بىلەن ئېلىپ بەردى. ئانىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئالدى، ئانىسىدىن سورىدى، مەنىڭ ئاتام قايىان كەتكەن؟ دەدى. دەگەندىن كىن ئانىسى ئايتتى: سەنىڭ ئاتاڭ قارا خان، دەدى. تاجى پاشا ئايتتى: قاراخان مەنىڭ ئاتام ئەمەس، سەن ماڭا راستى بىلەن ئايتقىن! دەدى. ئانىسىنىڭ قورغان بۇغدايدا قولى كۆيگەندىن كىن، راستىنى ئايتتى: سەنى تۇققان كۈنى ئاتاڭغا ئوغۇل تۇغدۇم دەپ كىشى ئەۋەتتىم، ئاتاڭ خۇشال بولۇپ، ئات يۈگۈرتۈپ كەلىپ ئاتتىن يىقىلىپ ئۆلگەن. ئاندىن كىن تاجى پاشا سورىدى: زورا مەنىڭ نەمەم بولۇدۇ؟ دەدى. ئانىسى ئايتتى: سەنىڭ قولۇشلۇغۇڭ، دەدى.

دەگەندىن كىن كۆڭنىدە ئايتتى: ماما راس ئايتات ئىكەن، دەدى. بىر مۇنچا پۇل ئېلىپ مامىنىڭ قېشىغا باردى، ئاندىن كىن ئايتتى: مەن زورىغا قايداق ئويۇن گەپ قىلىمەن، دەدى. ماما ئايتتى: مەختەپتىن چىققاندا زورىنىڭ بۆركىنى ئېلىپ قاشقىن! ئاكا بۆركۈمنى بەرگىن! دەسە، مەنى سۆيۈپ قويۇڭ! دەگىن. ئاندىن كىن سەنى قويار، شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ كۆڭۈل ئېلىشىپ قالىسلەر، دەدى.

ئاندىن كىن مەختەپكە باردى. مەختەپتىن چىققاندا زورا خېنىمنىڭ بۆركىنى ئېلىپ قاشتى، ئۇل ئايتتى: ئاكا بۆركۈمنى بەرىڭ! دەدى. تاجى پاشا ئايتتى: مەنى سىز سۆيۈپ قويۇڭ ! دەدى، ئۇل سۆيۈپ قويدى. بىر نەچەن كۈن شۇنداق قىلىپ يۈردى. ئىكىسى كۆڭۈل ئېلىشىپ قالدى، بۇلار ئەر- خوتۇنداق بولۇپ قالدى. بىر كۈنى ئۇل شەھەرگە يىغى⑪ كەلدى. قارا خان لەشكەر ئېلىپ چىقىپ، كەلگەن يىغى بىلەن سوقۇشتى. ئۇل كەلگەن يىغىغا كۈچى يەتمەدى، ئاندىن كىن ئايتتى: كىم شۇ يىغىنى قاچۇرۇپ بەرسە، قىزىمنى بەرىمەن، دەدى. ئۇل شەھەردە بىر قارا كاپىر بار ئىدى تولا باتۇر ئىدى، ئۇل چىقىپ كەلگەن يىغى بىلەن سوقۇشۇپ يىغىنى قاچۇردى. خاننىڭ بۇ ئايتقان سۆزىنى تاجى پاشا، زورا خېنىم ئاڭلاپ ئىكىسى قېچىپ كەتتى. تاجى پاشىنىڭ ئاتىسىدىن قالغان بىر چارىبىغى بار ئىدى، قېچىپ شۇندا باردى.

ئاندىن يىغى كەتكەندىن كىن قارا كاپىر كەلىپ ئايتتى: يىغىنى قاچۇردۇم، قىزىڭنى بەرگىن! دەپ. ئاڭا بەرەي دەپ قىزىنى باخسا، ھەش ⑫ يەردە يوق. ئىستەپ كەتتىلەر ⑬ دەپ كىشى قويدى. ئۇل كىشىلەر نەچەن كۈن ئىستەدى، ھەش يەردىن تاپالمىدى. تاپالمىغاندىن كىن بىر كۈنى ئۇل قارا كاپىر قۇرغۇي ئېلىپ، قۇرغۇي قۇشلاغان بولۇپ زورىنى ئىستەپ چىقتى. ئۇل چارباققا باردى، بارسا تاجى پاشى بىلەن زورا خېنىم ئاندا يۈرۈپتۇ. ئۇلارنى كۆرۈپ قارا كاپىر ئايتىپتۇ:

قۇرغۇي سالدىم باقچاڭغا،
سالسام چىپچىق [14] ئالغاندۇ.
مۇندا كەلگەن زورىنى،
ئېلىپ بېرىپ ياماندۇ؟
تاجى پاشا ئايتتى:
قۇرغۇي سالساڭ باقچامغا،
سالساڭ چىپچىق ئالغاندۇ،
بۇرنا [15] سۆيگەن زورامنى،
ئەمدى سۆيسەم بولمامدۇ؟

دەپ زورىنى سۆيۈپ قويىدى. ئۇل ئىشنى قارا كاپىر كۆرۈپ ئاچچىغى كەلىپ، يېنىپ چىقىپ كەتتى. شۇ يەردىن يېنىپ كەلىپ قارا خانغا ئايتتى: سەن قىزىڭنى ماڭا بەرىمەن دەپ يالغان ئايتىپ يېغىنى قاچۇردۇڭ. ھەلى قىزىڭنى تاجى پاشا بىلەن پالان يەردەكى چارباقتا ئاپپىرىپ قويۇپسەن. سەن يالغاندىن ئىستەتتىم دەپ، ماڭا يالغان ئايتىپ سەن، مەن ئۆزەم ئىستەپ چىقىپ ئۇل چارباقتىن تاپتىم. مەنى كۆرۈپ، مەنىڭ كۆزۈمدە تاجى پاشا قىزىڭنى سۆيۈپ قويىدى، دەپ بولغان ئىشلەرنى قارا خانغا ئايتتى.

قارا خاننىڭ ئۇلارغا ئاچچىغى كەلىپ، كىشى بۇرىدى ئېلىپ كەلىڭلەر! دەپ، بارغان كىشى ئۇلارنى ئېلىپ كەلدى. كەلسە قارا خان ئوغا چىقىپ كەتىپتۇ. بىر ۋاقتىن كىن ئودىن يېنىپ كەلىپ ياتىدۇ. ئېنى قىزى زورا خېنىم كۆرۈپ بەگلەرىگە ئايتتى:

شۇ كەلگەن ئاتام ئوخشار،
غەزىبى كەلگەن ئوخشار،
بەلىدە مىسران قىلىچ،
تاجىنى جانار ئوخشار.
تاجىنى تالاڭمىزلار،
تال بىلەن باغلاڭمىزلار،
ئانامنىڭ ئاچچىغى كەلسە،
بۇ تاجىنى ساخلاڭمىزلار!
تاجىنىڭ ئاتىسى يوق،
بىلىدا پوتىسى يوق.
يىغلىماڭ تاجى پاشا،
دۇنيانىڭ گۇناسى يوق.
بۇ تەرەك ئۆزۈن تەرەك،
تۆبىدەك كەسمەك كەرەك،
تۆبىدىن كەسكەندىن كىن،
بىر ساندۇق ئەتمەك كەرەك.
تاجىنى ئالماق كەرەك،
ساندۇققا سالماق كەرەك.
ئاتامنىڭ ئاچچىغى تولا،
تاقىنى چىقارماق كەرەك.

دادامنىڭ تولا ئاچچىغى كەلگەن ئوخشايدۇ، تاجىنى ئۆلتۈرەر بولسا، سىزلەر تىلەپ ئېلىپ مەن ئايتقانداق قىلىپ دەريىغا سېلىڭلەر! دەدى. دەگەندىن كىن قاراخان يەتىپ كەلدى. كەلىپ ئۆيىگە تۈشۈپ تاجىنى ئەپكەلدىڭمۇ؟ دەپ سۇرىدى. بەگلەرى ئېلىپ كەلدۇك. دەدى. مەنىڭ كۆزۈمگە كۆرمەسۇن، ئېلىپ چىقىپ ئۆلتۈرۈڭلەر! دەگەندىن كىن بەگلەرى ئۆلتۈرۈدىغىنىنى تىلەپ ئالدى. تاجىنى ئۆلتۈرمەسەك، بىر ساندۇق ياسىتىپ، ساندۇققا سېلىپ، دەريىغا تاشلىساق، دەدى. دەگەندىن كىن قارا خان: ئانداق بولسا شۇنداق قىلىڭلار! دەدى. ئاندىن كىن ياغاشچىلارنى ئېلىپ كەلىپ، بىر ساندۇق ياساتتى، زورا خېنىم ئۇل ياغاشچىلارغا بىر مۇنچا پۇل بەردى: سىلەر ساندۇقنى ياقشى قىلىڭلار! دەپ، ئىچى تېشىنى ياقشى سىرلاڭلار، ئىچىگە سۇ كىرمەسۇن! دەدى. دەگەندىن كېيىن ياغاشچىلار زورا خېنىم ئايتقاندىن زىيادە قىلدى. ساندۇق بۇتكەندىن كېيىن قارا خانغا ئاڭلايتتى. ساندۇق بۇتتى، دەپ. بۇتكەن بولسا تاجىنى ئېلىپ دەريىغا تاشلاڭلار! دەدى.

تاجى پاشىنى ساندۇققا سالدى، ئېلىپ بېرىپ دەريىغا تاشلىدى. تاجى پاشا دەريىدا ئېقىپ كەتتى. زورا خېنىم تاجى پاشىدىن ئارىلىپ قالغىنىغا يىغلاپ ياقلىرىنى يىرتتى، نەچەن كۈن كىشىگە سۆز قىلمىدى، ئاش يەمەدى. ئاندىن كىن ئاتىسى يېغىنى قاچۇرۇپ بەرگەن قارا كاپىرغا توي قىلىپ قىزنى ئېلىپ بەردى.

ئۇل ساندۇق بىر نەچەن ئاي سۇنىڭ ئىچىدە ئاختى، ئېقىپ بېرىپ شەھەرگە يېقىن باردى. ئۇل شەھەرنىڭ پاتشايىنىڭ ئۈچ قىزى بار ئىدى. ئۇل كۆنى دەريىنىڭ بويىغا ئويىنغىلى كەلىپ ئىدى. دەريىنىڭ ئىچىدىن بىر ساندۇق كەلىپ ياتىدۇ. ئۇل قىزلار كەلىپ ئاتىسىغا ئايتتى: دەريىنىڭ ئىچىدە بىر ساندۇق كەلىپ ياتىدۇ. ئىچىدە نەمە بار ئىكەن بىلمەيمىز، دەدى. پاتشا ئايتتى: شۇ ساندۇقنى قاسىڭلار تۇسساڭ [16]. شۇڭا بەردىم،

دەدى. ئۇل قىزلار چىقىپ دەرىيەنىڭ بويىغا بېرىپ، ھەر-قايىسى بىر ئارغامچى ساندۇققا سالما تاشلىدى. پاتىشانىڭ كىچىك قىزىنىڭ سالمىسى ساندۇققا تۇشتى. ساندۇقنى سۇدىن چىقاردى. باخسا ئۇ ساندۇقنىڭ ھەش يەردە ئاغزى يوق. ئۇل قىزلار ئايتىشتى: بۇ ساندۇقنىڭ ئاغزى يوق ئىكەن، پالتى بىلەن چاپىلىن! دەدى. بىرسى ئايتتى: ساندۇقنى ئۇتقا يېقىپ كۆيدۈرەلىن ! ئۇل سۆزنى ساند-دۇقنىڭ ئىچىدە تاجى پاشا ئاڭلاپ ئايتتى:

تەپسەڭ ساندۇق ئېچىلار،
گۈل بېشىمغا ساچىلار.
بۇ مەنىڭ خاستا بولغان كۆڭلۈم،
يارنى كۆرسە ئېچىلار.

دەگەندىن كېيىن ئۇل قىز ساندۇقنى تەپتى، ساندۇق ئېچىلدى، ساندۇقنىڭ ئىچىگە قارىسا، بىر يىگىت ئولتۇرۇپتۇ، تولا ياخشى يىگىت، پاتىشازادىغا ئوخشايدۇ. چاچلىرى ئۆسۈپ قېشىغا تۇشۇپتۇ، چىرايى سارغىيىپتۇ. كىرىپ پاتىشاغا ئاڭلاتتى: ساندۇقنىڭ ئىچىدە بىر يىگىت بار ئىكەن، پاتىشازادىغا ئوخشايدۇ، چاچلىرى ئۆسۈپ قې-شىغا تۇشۇپتۇ، چىرايى سارغىيىپتۇ، دەدى. دەگەندىن كىن پاتىشا: ئېلىپ كىرىڭلەر! دەدى. پاتىشا بۇيرىدى: بىر ئاق كىگىز سېلىپ قويۇڭلار! بىر قارا كىگىز سېلىپ قو-يۇڭلار! ئاق خاننىڭ ئوغلى بولسا ئاق كىگىزدە ئولتۇ-رۇر، قارا خاننىڭ ئوغلى بولسا قارا كىگىزدە ئولتۇرۇر، شۇنىڭدىن بىلەمىز قارا خانىڭ، ئاق خاننىڭ ئوغلى بولغى-نىنى، دەدى. دەگەندىن كىن ئىكى كىگىز سېلىپ قويدى.

تاجى پاشىنى ئېلىپ پاتىشانىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى، كىرىپ تەزىم قىلىپ تۇردى. پاتىشا: ئولتۇرۇڭ! دەگەن-دىن كىن ئۆتۈپ ئاق كىگىزدە ئولتۇردى. پاتىشا ئاق خاننىڭ ئوغلى ئىكەن دەپ بىلدى. ئاندىن كىن تاجى پا-شىنىڭ ھالى-ئەھۋالىنى سورىدى. تاجى پاشا بېشىغا كەلىپ ئۆتكەن ئىشلەرنى بىر-بىر پاتىشاغا ئايتتى. ئاندىن كىن ئۇل پاتىشا: سىز مەنىڭ بالام بولۇڭ! دەدى. پاتىشا ئە-گىللەرنى كەيدۈردى، پاتىشا تولا ئوبدان كۆرىدىغان بولدى. بىر نەچچە كۈن بولغاندىن كېيىن تاجى پاشىنى دەرىيەدىن تۇتقان كىچىك قىزنى توي قىلىپ ئېلىپ بەردى. ئۇل قىز بىلەن تاجى پاشا بىر يەردە ياتمىدى. ئۇل قىز تاجى پاشا بىر يەردە ياتماي ئۇ قىزغا زۇلما قىلغان ئىشلەرنى ئاتىسىغا ئايتقىزدى. ئاندىن كىن پاتىشا-نىڭ تاجى پاشىغا ئاچىغى كەلىپ، مەن پاتىشا بولسام، قى-زىمنى مۇڭا ⑰ بەرسەم، نەمە ئىشكە مۇنداق زۇلما قىلى-دۇ. ئېلىپ كىرىڭلەر، مۇنۇڭدىن سۆز سوراي ! بۇ ئىشى راس بولسا ئۆلتۈرگۈزەي ! دەدى. ئاندىن تاجى پاشىنى ئېلىپ كىردى. ئېنىڭدىن پاتىشا بىر مۇنچا سۆز سورىدى. مەن قىزىمنى ساڭا بەرسەم، مەنىڭ قىزىمغا زۇلما قىلغىداق-سەن، بىر يەردە ياتمىغىداقسەن، شۇ ئىشلەرنىڭ راسمۇ؟ دەدى. تاجى پاشا ئايتتى: راس دەدى. مەن زورا خېنىم بىلەن شەرت قىلىشىپ ئىدۇك، مەن سەنىڭدىن بۆلەك خوتۇن ئالمايمەن، دەپ، ئۇل ئايتتى: مەن سەنىڭدىن بۆلەك ئەرگە تەگمەيمەن! دەپ. ئىكۆلەن قاتتىق شەرت قىلغان، دەدى. پاتىشا بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ: مۇنۇڭما ئىشى راست ئىكە، ئانداق بولسا بېرىپ مەشۇقۇڭنى تېپىپ، شەرتىڭنى سۇندۇرۇپ كەل! مەنىڭ تۇگەلەرىمنىڭ ئىچىدىن يول يۇرگۈدەك بىر ياخشى تۇگەنى مىنىپ بارغىن! دەدى.

تاجى پاشا پاتىشانىڭ ئالدىدىن چىقىپ تۇگە خانىغا كىردى، بىر بۇغرىنى تۇتتى. بۇغرىغا ئايتتى: مەن سەنى مىنىپ مەشۇقۇمغا بارىمەن، نەچچەن كۈندە يەتكۈزۈسەن؟ دەدى. ئۇل بۇغرا ئايتتى: ئالتى ئايدا يەتكۈزۈمەن، دەدى. ئاندىن كىن سەن بولمايت ئىكەن دەپ قويۇپ ئەتتى. بېرىپ يانا بىر ئاتان ⑱ تۇگەنى تۇتتى. مەشۇقۇمە-غا قاچان يەتكۈزۈسەن؟ دەپ سورىدى. ئۇل تۇگە ئايتتى: ئۈچ ئايدا يەتكۈزۈمەن، دەدى. ھەمە تۇگۈلەرنى سورىدى، بىر ئايدا ئون كۈندە يەتكۈزۈمەن. دەدى. بىر ئۈچىسى يېغىر بولغان ئورۇق تۇگە بار ئىكەن، شۇنىڭدىن سوراي، بۇ نەمە دەيت ئىكەن، بۇ ئۇزاق كۈندە يەتكۈ-زۈمەن دەسە، ئون كۈندە يەتكۈزۈمەن دەگەن تۇگەنى مىنىپ كەتەي! دەدى. ئۇل ئورۇق تۇگەنىڭ ئالدىغا باردى، بۇيلىسىدىن تۇتتى، ئۇل تۇگەگە ئايتتى: مەنىڭ بېشىمغا قاتتىق بىر ئىش تۇشتى، سىن مەنى ئۇل ئىشكە قاچان يەتكۈزۈسەن؟ دەپ سورىدى. ئۇل ئورۇق تۇگە ئايتتى: مەنىڭ ئۈچام يېغىر، سەن قومنى ياخشى توقۇ! كۆزۈڭنى يۇمۇپ- ئاچقىچا يەتكۈزۈمەن، دەدى. دەگەن-دىن كىن تاجى پاشا ئۇل تۇگەنى باشتىن ئايىغىغا بىر سى-لىدى، يېغىرى ساقىيىپ، ئۆزى سەمرىپ بولۇتتاق بولدى. ئاندىن كىن تاجى پاشا ئۇل تۇگەگە ياخشى قوم قىلىپ توقۇپ مىندى.

بىر يولغا كىرىپ يۈردى، تۇگە ئايتتى: كۆزۈڭنى يۇمغۇن! بىر ۋاختىن كىن كۆزۈڭنى ئاچ! دەدى. كۆزىنى ئاسسا ⑲ ئالدىنى بىر تاغ تۇراپ ئېلىپتۇ، ئۇل تاغنى كۆرۈپ تاجى پاشا قۇداي تائالاغا يىغلاپ تاققا ئايتتى:

بۇ تاغلار ئەگىز تاغلار،
غېرىپنىڭ يولىنى باغلار،
غېرىب ئۆلسە كىم يىغلار؟
غېرىپقا غېرىپ يىغلار!

دەگەندىن كىن تاغ يېرىلدى، يول ئېچىلدى، ئۇل يول بىلەن يۈرۈپ تاغنىڭ ئارىسىدىن ئۆتتى. ئۆتۈپ بولغاندىن كىن تۇگەنىڭ قۇرىغىنى تاغ قىسىپ ئېلىپ قالدى. تۇگەنىڭ قۇرىغى كالتا بولماقلىقى شۇ يەردىن دەيدۇ. ئاندىن كىن ئۇ يەردىن ئۆتتى، تۇگە ئايتتى: كۆزۈڭنى يۇمغۇن! تاجى پاشا كۆزىنى يۇمدى، تۇگە يولغا كىرىپ يۈردى. بىر ۋاختىن كىن: كۆزۈڭنى ئاچ! دەدى. كۆزىنى ئاسسا زورا خېنىمنىڭ ئەشىگىگە ⑳ كەلىپتۇ. ئاندىن كىن تاجى پاشا ئايتتى:

مەن كەلدىن شۇندۇن مۇڭغا،
خۇدانىڭ پەرمانىچا.
بىر شەھەردە بىر قىز ئالدىم،
ئېتى سۇلتان بۇۋەچە.

ئۈچ قېتىم شۇنداق دەپ قىچقىردى زورا خېنىم چىقمىدى. زورا خېنىمنىڭ قېشىدا خىزمەت قىلىدىغان بىر قىز بار ئىدى، تاجى پاشىنى بىلەتتى، ئۇل قىز ئايتتى: بۇ ئۈن تاجى پاشىنىڭ ئۈنىگە ئوخشايدۇ، چىقىپ بېقىڭ! دەدى. زورا خېنىم ئايتتى:

تاجى پاشىنى يەگەن قاغا،
مەنى يەمەيدۇ.
مەنى يەگەن قاغا،
تاجى پاشىنى يەمەيدۇ.
ئېنى ساندۇققا سېلىپ ئەتكەن،
دەرياغا تاشلاپ ئەتكەن،
ئۇل ھەلى ياققا كەتتى،
ئېنى كىم بىلەت ئىكەن.

تاجى پاشا قاچان كەلسۇن! دەپ يىغلىدى. يانا ئۇل قىز ئايتتى: قايداق بولسا بىر چىقىپ بېقىڭ، ئۈنى بەك ئوخشايدۇ، دەگەندىن كىن زورا خېنىم چىقىپ باختى، كۆرسە تاجى پاشا كەتىپ باردۇ. تاجى پاشا ئەشىگىدە تۇرۇپ باياقى سۆز بىلەن ئۈچ قېتىم قىشقىردى. زورا خېنىم چىقمىغاندىن كىن، بۇ مەنى ئۇنۇتقان ئىكەن دەپ كەلگەنىگە پۇشمان قىلىپ، بىر يەڭنى چىقىرىپ، بىر كەشنى چىقىرىپ، تۇگەسىنى يۈتۈلەپ ㉑ كەتىپ باراتتى. زورا خېنىم ئاقىسىدىن بېرىپ، تۇگەسىنىڭ بۇيلىسىنى تۇتۇپ، تاجى پاشىنىڭ پۇتىنى قۇچاقلىدى.

بۇ يەرگە سىزنىڭ كەلگەنىڭ،
يوق ئىدى مەنىڭ بىلگەنىم،
ئېنىڭ ئۈچۈن مەن بېرىپ،
ئالدىڭىزغا چىقمادىم.
ئۆيىمدە يىغلاپ ياتتىم،
ئۈنىڭىزنى ئوخشاتتىم،
قاراپ باقاي دەپ چىقسام،
ئاقىڭىزدىن مەن يەتتىم.

دەپ يىغلاپ ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. ئۆيىگە كەلگەندىن كىن بۇ ئىكى ئاشىق بىر-بىرى بىلەن تېپىشىپ، ھالى مۇڭىنى ئايتىشىپ، بېشىغا كەلگەن ئىشلەرگە يىغلىشىپ ئولتۇردى. ئاندىن كىن تاجى پاشا مىنىپ كەلگەن تۇگەنى قويۇپ ئەتتى: سەن ئەمدى يۇتۇڭغا ㉒ بارغىن! دەپ. زورا خېنىم تاجى پاشىغا كىشى كۆرمەيدىغان بىر ئۆي قىلىپ بەردى، تاجى پاشىنى ئۇل ئۆيدە باختى، بىر نەچەن كۈن مۇنداق قىلىپ يۈردى. بىر كۈنى تاجى پاشا زورا خېنىم بىلەن ئاش يەپ ئولتۇراتتى. بىر گاداي ㉓ كەلدى. ئۇل گادايغا يەپ ئولتۇرغان ئېشىنى بەردى، ئۆلاردىن ئالدىدىن چىقىپ قارا كاپىرنىڭ يېنىغا باردى، ئېنىڭدىن نەرسە تىلەدى، ئۇل قارا كاپىر كىچىكىنە كەپەك ئاپ چىقىپ بەردى. ئۇل گاداي ئايتتى: زورا خېنىم بىلەن تاجى پاشىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئىدىم، ئاش يەپ ئولتۇرغان ئىكەن، يەپ ئولتۇرغان ئېشىنى بەردى. بۇ قارا كاپىرنى كۆرۈڭلەر! كىچىكىنە كەپەك بەردى، دەدى. دەگەندىن كىن ئۇل ئايتتى: تاجى پاشىنى قايدا كۆردۇڭ؟ دەپ، گاداي ئايتتى: مەن كۆرگەنىمنى ساڭا ئايتمايمەن. ئاندىن كىن قارا كاپىر بىر مۇنچا ئالتۇن ئاپچىقىپ گادايغا بەردى. سەن تاجى پاشىنى ماڭا ئايتىپ بەرگىن! دەپ، ئۇل گاداي كۆرگەنىنى ئەرەك ㉔ ئايتتى. تاجى پاشا كەلگەلى ئۇزاق كۈن بولدى، ئاڭا زورا خېنىم كىشى بىلمەيدىغان بىر ئۆي قىلدۇرۇپ بەردى. تاجى پاشا ئۇل ئۆينىڭ ئىچىدە، كىشى يوق ۋاختا زورا خېنىمنىڭ قېشىغا

چىقىپ بىللە يۈرىدۇ، كىشىنى كۆرسە ئۇل ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ، دەدى: دەگەندىن كېيىن ئۇل قارا كاپىرنىڭ ئاچىغى كەلىپ، قولىغا قىلىچ ئېلىپ كەلىپ، تاجى پاشىنى ئۆلتۈردى. ئۆلتۈرگەندىن كىن زورا خېنىم ئېنى ئېلىپ چىقىپ بىر يەردە كۆمدى، ئاڭا تولا يىغلىدى. بىر كۈنى قارا كاپىر ئۇغا چىقىپ كەتتى. زورا خېنىم تولا قىزلارنى يىغدى، ئۇلارغا ئايتتى: بۈگۈن مەن تاجى پاشىنىڭ بېشىغا چىقىمەن. سىلەر مەنىڭ بىلەن بىللە چىقىڭلار ! دەدى. قىزلار: چىقىلىن! دەدى. زورا خېنىم بىر يەكىنىڭ ئىچىگە ئۈنچە-مەرۋايىت ئالدى، بىر يەكىنىڭ ئىچىگە مارجان ئالدى، ئاندىن كىن تاجى پاشىنىڭ ئۆلگەن تۆرەپكە يۈردى. يىقىن بېرىپ ئايتتى:

كەلىڭلەر! قىزلار، يۈگۈرۈشەلىن!
تاجى پاشىغا يەتىشەلىن!
تاجىغا يەتىشكەندە،
ئۈنچە-مارجان چېچىشالىن!

تاجى پاشا كۆمگەن يەرگە بېرىپ، يەكىنىڭ ئىچىدەكى ئۈنچە-مارجاننى چاشتى، قىزلار ئۈنچە-مارجان تەپىپ، ئېنىڭ بىلەن بولۇپ قالدى. يەر يىرىلدى، زورا خېنىم يىرىلگەن تاجى پاشا قۇچۇغىغا كىرىپ كەتتى. بىر ۋاختىن كىن قىزلار زورا خېنىمنى باخسا، ھەش يەردە يوق، ئۆيگە يېنىپ كەلدى، كەلىپ بولغان ئىشلەرنى ھەرقايسى قىز ئاتا-ئانىسىغا ئايتتى: ئاندىن كىن قارا كاپىر ئۇدۇن يېنىپ كەلىپ، ئۇ سۆزلەرنى ئاڭلىدى. زورا خېنىمەنى ئىستەپ تاجى پاشىنىڭ كۆمگەن يەرگە باردى، بارسا زورا خېنىم يەرگە كىرىپ كەتىپتۇ، يەردىن چېچىنىڭ ئۇچى چىقىپ تۇرۇپتۇ. شۇنۇڭدىن بىلدى.

قارا كاپىر بىر قولىغا ئايتتى: مەنى ئۆلتۈرگىن! بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ كىرىپ كۆمگىن! مەنىڭ قالغان پۇللىرىمنى سەن ئالغىن! دەدى. دەگەندىن كىن ئۇل قۇل قارا كاپىرنى ئۆلتۈردى. ئېلىپ بېرىپ ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا كۆمدى. ئاندىن كىن تاجى پاشا بىر تەرەك بولۇپ ئۈنۈپ چىقتى، زورا خېنىم قىزىل گۈل بولۇپ ئۈنۈپ چىقتى، بۇ ئىككىسىنىڭ ئوترۇسىدا قارا كاپىر ئازغان تىكەن بولۇپ ئۈنۈپ چىقتى، بۇلار بىر-بىرى بىلەن كۆرۈشەي دەسە. ئۇل تىكەن سانجىپ، بىر-بىرسىنى كۆرۈشتۈرمەيدۇ. بىر كۈنى قېرى بابا ㉕ ئوتۇنغا چىقتى، كەلىپ بۇ ئىشلەرنى كۆردى، كۆڭلىدە ئايتتى: بۇ قارا كاپىر زورا خېنىم بىلەن تاجى پاشىنى تىرىكلىگىدە كۆرۈشتۈرمەدى، ئەمدى ئۆلگەندىن كىن ئارىسىدا تىكەن بولۇپ چىقىپ بانا كۆرۈشتۈرمەدى. مۇنى ئورغاق بىلەن ئورۇپ ئېلىپ ئەتەي ! دەپ باياقى تىكەنگە ئورغاق سالدى، تىكەندىن تۆبىدىن بىر سا ئۆچۈپ چىقىپ كەتتى، تەرەكنىڭ تۆبىدىن بىر كاككۇك ئۆچۈپ چىقىپ كەتتى، قىزىلگۈلنىڭ تۆبىدىن زەينەپ ئۆچۈپ چىقىپ كەتتى. ھەلى بۇ ۋاختا زەينەپ كاككۇك دەپ تاجى پاشىنى قىچىرىپ يۈرىدۇ، تاجى پاشا زەينەپ دەپ زورىنى قىچىرىپ يۈرىدۇ. بۇلار ھەر يىللەغى بىر-بىرى بىلەن كۆرۈشكىدەك، ھەرقايسى ئاغزىدا بىرسى بىرسىگە يەم ئېلىپ كەلگىدەك، بىر-بىرىنى كۆرگەندىن كىن خوشال بولۇپ كۈلۈشكىدەك بولۇپ، ئاغزىدىن يەمى يەرگە تۈشۈپ كەتكىدەك، يەم تۈشۈپ كەتكەندىن كىن بۇلار يانا ئارقىسىغا يېنىپ يەم ئېلىپ كەلىپ كۆرۈشەمىز دەپ ئۆچۈپ كەتكىدەك، شۇنداق قىلىپ بۇلار بىر يەردە بولالمىغداق، ئېنىڭ ئۆچۈن زەينەپ كەچە-كۈندۈز كاككۇك دەپ قىچىرىپ يۈرىدۇ.

بۇ داستان لون ئۇنۇۋېرسىتېتىنىڭ ئارخىپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان گوستاف رەكۇئىت تىرانسكرىپىيەسىنى ئىشلىگەن نۇسخىسىغا ئاساسەن تەييارلاندى.

تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد


## بىلدۈرگۈ

ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بىزدە.

رۇخسەتسىز ئىشلىتىۋالغۇچىلارنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ!

«مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى



# خاتۇشا

## (خىتتىم شەھىرى)



## مۇستەبىت خىتتىم ئىمپېرىيە پايتەختى

**خاتۇشانىڭ گۈللىنىشى ۋە زاۋاللىققا يۈزلىنىشى**

ئەڭ دەسلەپكى خىتتىلار بىلەن خىتتىملىقلارنىڭ پەرقى شۇكى، خىتتىملىقلار جەڭ قىلىشقا ئامراق. شۇڭا تېزلا ئۆز تېررىتورىيەسىنى ئانادولۇنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى رايونلارغىچە كېڭەيتكەن. ئۇلارنىڭ ھەربىي كېڭەيمىچىلىكى پەقەت مۇشۇ رايونلار بىلەن چەكلىنىپ قالمىغان. ھازىرقى ئارخېئولوگ ئالىملىرى بۇ يەردە ئۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن نۇرغۇن ئاسار ئەتىقىلەرنى بايقىدى.

تاغ تۆپىسىگە سېلىنغان قەلئە دەل خاتۇشانىڭ مەركىزى بولۇپ، ئىككى يان تەرىپى ئېگىز تىك قىيا بىلەن قورشالغان، قەلئەنىڭ يەنە ئىككى تەرىپى ئىنتايىن ئېگىز ھەم قېلىن تام بىلەن توسۇلۇپ، دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزچىلىقىدىن ئۈنۈملۈك مۇداپىئەلەنگەن، شۇڭا ھۇجۇم قىلىش ئۇنداق ئاسان ئەمەس.

ئەنقەرەنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىن تەخمىنەن 150 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چورۇم ئۆلكىسىنىڭ بوغازكوي كەنتى، ئەنە شۇ تارىختىكى داڭلىق خىتتىم ئىمپېرىيەسىنىڭ پايتەختى بولغان خاتۇشا قەدىمىي شەھىرىدۇر. ھازىرقى خارابىلىك ئىچىدىن بىز ئەينى ۋاقىتتىكى سېپىل تاملىرى، ئېگىز مۇنار، شەھەر دەرۋازىسى قاتارلىق ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇشلارنى ئېنىق كۆرەلەيمىز. ئۇنىڭدىن باشقا يېقىنقى يىللاردا قېزىپ چىقارغان قەلئە بىلەن بەش يۈرۈش بۇتخانا ۋە شىنا يېزىقىدا پۈتۈلگەن تۈمەنلىگەن لاي تاختىلارمۇ بار. بۇ لاي تاختىلاردىكى پۈتۈكلەر ئاساسەن خىتتىم تىلى، بابىلون تىلى ۋە ئاكاد تىلىدا پۈتۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىكى مەزمۇنلار سىياسىي- ئىقتىساد، دىن قاتارلىق تەرەپلەرگە چېتىلىدۇ.

خىتتىملىقلار لاي تاختىلارغا ئۈچ تارىخىي دەۋرنى، يەنى خىتتىم پادىشاھى خاتۇشلى I ھۆكۈمرانلىقىدىكى خاتۇشانى بۈيۈك پايتەخت قىلىپ قۇرۇپ چىقىلغانلىقى ۋە نەۋرىسى مۇرسىنىڭ خۇرىئانلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئالېپپونى ۋەيران قىلغانلىقى ۋە يەنە داۋاملىق غەلىبە بىلەن يۈرۈش قىلىپ، بابىلوننى ئىشغالىيەت بىلەن بويسۇندۇرغانلىقتەك ئىش ئىزلىرىنى ئايرىم- ئايرىم خاتىرىلىگەن.

ئاڭلىشىمىزچە بۈگۈنگە قەدەر مۇرسىنىڭ باش سۆڭىكى ئانادولو مۇزېيىدا ساقلىنىۋېتىپتۇ. ئانادولودىكى يۇرت- ماكانىنى قوغداش ۋە سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىكتە، خىتتىم ئىمپېرىيەسىدە ئۆتكەن پادىشاھلارنىڭ ھەممىسى بىردەك بىر قوشۇندا 300 مىڭدىن كەم ئادەم بولماسلىقتەك پرىنسىپنى ساقلاپ كەلگەن. ئۇلار جەڭدە ئاساسلىق ئاي پالتا، خەنجەر، ئوقيا قاتارلىق ئۇرۇش قوراللىرىنى ئىشلەتكەن. ئەمەلىيەتتىمۇ خىتتىملىقلار مېتال تاۋلاش جەھەتتە ئىنتايىن مەشھۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇلار دۇنيا بويىچە ئەڭ بالدۇر تۆمۈر قوراللارنى ئىشلەتكەن، شۇڭا خاتۇشا قەلئەسىدىن يۇقىرى سۈپەتلىك تۆمۈر سايمانلار، قورال- ياراغ، دۇبۇلغا- ساۋۇتلار قېزىۋېلىنغان. لېكىن

خىتمىلىقلارنىڭ دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشتا ئەڭ ئۈنۈمـ
لۈك پايدىلانغان قورالى يەنىلا جەڭ ھارۋىسى بولۇپ،
ئەگەر جەڭ مەيدانىدا دۈشمەنلەر ئۇلارنىڭ دۇبۇلغا ـ سا ـ
ۋۇتلىرىنى كىيىشىپ، ئات ھارۋىلىرىنى ھەيدەپ، ئىستىھـ
كاملارغا بۆسۈپ كىرگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالسا، يۈرىكى
سىيلىپ، پۇت ـ قوللىرى تىترەپ كېتىدىكەن.

ئۇنىڭدىن باشقا خىتمىلىقلارنىڭ ئىجتىمائىي جەمئىـ
يەتتىكى ئورنى بىر قانچە دەرىجىگە ئايرىلغان. ئەڭ يۇقىـ
رى تەبىقىدىكىلەر تەبىئىيلا پادىشاھ بىلەن خانىش بولۇپ،
خان جەمەتىدىن قالسا ئاقسۆڭەكلەر؛ ئۇلارنىڭ تۆۋىنىدە
تۇرىدىغىنى گېنېرال ۋە خان سارىيىدىكى تۆرىلەر؛ يەنىمۇ
تۆۋەنلىگەندە سودىگەر، ھۈنەرۋەنلەر بولۇپ، مىسالى تۆ ـ
مۈرچى، ساپالچى دېگەندەك. بۇلاردىن قالسا تېرىقچىلىق،
باقمىچىلىق، باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، خان سارىيـ
نى ئوزۇق ـ تۈلۈك بىلەن تەمىنلەيدىغان دېھقانلار؛ ئەڭ
تۆۋەن قاتلامدىكىسى قۇللار بولغان. يۇقىرىقىلارغا
بولغان بارلىق ئىگىدارچىلىق يېزىق شەكلىدە پۈتۈلگەن،
شۇنداقلار ئىنتايىن تەپسىلىي قانۇنىي ماددىلار بىلەن ئىدا ـ
رە قىلىنغان. مەزكۇر ماددىلاردا قەستەن ئادەم ئۆلتۈ ـ
رۈش، باسقۇنچىلىق قىلىش، ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش ۋە
باشقا جىنايى ھەرىكەتلەرنى جازالاشقا قوللىنىدىغان تەپسى ـ
لىي نىزاملارمۇ بېكىتىلگەن. ئەگەر خىتمىلىقلارنىڭ قانۇن ـ
نىزاملىرى بەكلا ئاشۇرۇۋېتىلگەن دېيىلگەن تەقدىردىمۇ،
يەنە بىر تەرەپتىن ئىنتايىن ئادىل دېيىشكىمۇ بولىدۇ. مە ـ
سىلەن، ئۇلارنىڭ قانۇنى، جىنايەتچىلەرگە قارىتا ۋەھشىيـ
لەرچە قىيناش تۈرىدىكى جازالاشلارغا ھەرگىز يول قويـ
مىغان. بۇ خىلدىكى تۈزۈم شۇ جەمئىيەتتىكى تەڭپۇڭلۇقنى
ئەكس ئەتتۈرگەن. ئۇلار ئۇ خىلدىكى جازالاشنىڭ ئورنىـ
غا كۆپ ساندىكى جىنايەتچىلەردىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىـ
غۇچىلارغا قارىتا مەلۇم بىر خىل شەكىلدە تۆلەم تۆلىتىپ
بېرىشتەك ئۇسۇلنى قوللانغان. مەسىلەن، جىنايەتچى
قاتىل چوقۇم زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئائىلە تاۋابىـ
ئاتلىرىغا زور مىقداردا تۆلەم تۆلەپ بېرىدۇ، خالاس شۇ
دەۋردە پەيدا بولغان باشقا مەدەنىيەتكە ئوخشاش، خىتمىـ
لىقلارمۇ قۇل ئىشلەتكەن، ئۇرۇشتا قولغا چۈشكەن ئەسىرـ
لەر قۇللار ئاساسەن قۇل قىلىنغان. بىراق خىتمى جەمئىيىتىـ
دە قۇللارغىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئەركىنلىك بېرىلگەن. مە ـ
سىلەن، ئۇلارنىڭ ئۆز مال ـ مۈلكىگە ئىگىدارچىلىق قىلىش
ۋە تېنىنى سېتىشتەك ھوقۇقى بولغان.

خىتمىلىقلار ئىلاھقا ئېتىقاد قىلغان. بۇ خىل ئېتىقادنى
تارىختا ئوخشىمىغان باشقا مەدەنىيەتلەرگە سىڭىشتۈرگاندا،
سەۋر ـ تاقەتلىك ئۆزگىچە دىن دەپ قارالغان ھەم ئۇلار
«ئەرۋاھلار» دەپمۇ تەرىپلەنگەن. ئارخېئولوگ ئالىملىرى
خاتۇشا خارابىلىكىدىن 31 ئىبادەتخانىنىڭ خارابىسىنى
تاپقان. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ، ئەڭ مۇكەممەل
ساقلانغان ئىبادەتخانا ئايۋان ساراي دەپ ئاتالغان.
ئۇنىڭ ئىگىلىگەن ئورنى بەش ئىنگلىز موسى ئەتراپىدا
بولۇپ، قۇرۇلۇشى مۇرەككەپ، ھەر تەرەپكە تۇتىشىدىـ
غان ئالاھىدە سېلىنغان ئىبادەتخانا. بەلكىم ئۆز ۋاقتىدا بۇ
ئىبادەتخانىدا راھىبلار، ئىبادەتخانا مۇلازىملىرى، چالغۇ ـ
چى ئۇستازلار ۋە مەخسۇس ئىلاھنى كۈتكۈچى خادىملار ـ
دىن ئىبارەت 200 دىن ئوشۇق ئادەملەر تۇرغان بولۇشى
مۇمكىن. ئارخېئولوگ ئالىملىرى 1962 ـ يىلى ئايۋان سا ـ
رايىنىڭ بىر ئامبار ئۆيىدىن بىر پارچە لاي تاختىنى بايقاي ـ
دۇ. ئۇنىڭدا خاتىرىلىنىشىچە، بۇ ئىبادەتخانا بوران،
يامغۇر، چاقماق ئىلاھى بىلەن ئايال قۇياش ئىلاھى
ئۈچۈن ياساپ چىقىلغانمىش. ئۇ خىتمىلىقلارنىڭ ئەڭ
ئۇلۇغ ئىلاھىدۇر. خىتمى پادىشاھلىقىنىڭ ئاخىرقى بىر
قانچە ئەسىرلىرىگە كەلگەندە، خىتمى پادىشاھىمۇ ئاما ئېـ
تىراپ قىلىدىغان بىر ئىلاھقا ئايلىنىپ قالغانىدى.

خىتمى مەدەنىيىتى بەش ئەسىردىن كۆپرەك تازا گۈلـ
لەنگەن بولۇپ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1200 ـ يىلىغا كەلـ
گەندە، ئۇلارنىڭ بېشىغا بالايىئاپەت ياغقان، ئالىملارنىڭ
كۆرسەتكەن دەلىل ـ ئىسپاتلىرىغا قارىغاندا، ئېھتىمال ئۇ ـ
زاققا بارمىغان بىر قانچە يىلدىلا خاتۇشا ۋە ئۇنىڭ ئەترا ـ
پىدىكى كۆپلىگەن خىتمى شەھەرلىرى تۈپتۈز قىلىۋېتىلگەن.
ئۇلارنىڭ ئاشۇ بۈيۈك پايتەختى خاتۇشانىڭ ھەممىلا يېرى
كۆيۈپ ۋەيران بولغان، پەقەت قېپقالغىنى پارچە ـ پۇرات
يادىكارلىقلار بىلەن كۆمۈرگە ئايلانغان كاھىش، كېسەك
پارچىلىرى بولغان. ئارخېئولوگ ئالىملىرى تا ھازىرغا
قەدەر خاتۇشانى ۋەيران قىلغان ئاشۇ سىرلىق دۈشمەننىڭ
زادى كىملىكىنى پەقەتلا ئېنىقلىيالمىغان، لېكىن خارابىلىكـ
تىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خاتۇشانى ۋەيران
قىلغان بىرىنچى دۈشمەن ئاسمان ـ پەلەككە كۆتۈرۈلگەن
كۈچلۈك ئوت يالقۇنى، ئاشۇ ئوت ئاپتى بۇ شەھەرنى
پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈپ ۋەيران قىلغان. بىر چەتتە تۇرۇپ
ئوت يالقۇنىدا ئىسلىشىپ قاپقارا بولۇپ كەتكەن سېپىل تېـ
مىنىڭ ئىچىگە قارايدىغان بولساق، قارشى تەرەپ قويغان
ئوتنىڭ قانچىلىك شىددەت بىلەن تۇتاشقانلىقىنى كۆرۈۋالـ
غىلى بولىدۇ، خاتۇشادىكى ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ بىرسىمۇ
بۇ دەھشەتلىك ئوت يالقۇنىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان.

نۇرغۇن ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتىن مەلۇم

بولۇشچە، بۇ ئاپەت پەقەت خىتمىلقلارنىڭ بۈيۈك پاي-
تەختى خاتۇشاغىلا تۇتۇشۇپ قالماستىن، بەلكى بىرلا ۋا-
قىتتا كۆز ئالدىغا ئۇچرىغان، تارقاق جايلاشقان باشقا
خىتىم شەھەرلىرىگىمۇ ئوخشاشلا تۇتاشقان.

1993 - يىلى گېرمانىيەلىك ئارخېئولوگ ئالىمى خىتىم
پايتەختىنىڭ شەرقىدىن 125 ئىنگلىز لىسى يىراقلىقتىكى كە-
رىككالىي دېگەن يەردىن كېسەكتىن قوپۇرۇلغان تاملارنى
كولاپ چىقارغان. بۇ تاملارمۇ ئاشۇ دەھشەتلىك ئوتلاردا
كۆيۈپ ۋەيران بولغان ھەيۋەتلىك ئىمارەتلەرنىڭ بىر
قىسمى ئىدى. بۇ ئىمارەتلەرنىڭ ئىچىدىكى 54 ئېغىز
ئۆينىڭ ھەممىسىدە ئىنتايىن كۆپ ساپال بۇيۇملىرى دۆۋد-
لەكلىك ياكى چېچىلىپ ياتقان ھالەتتە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئا-
رىسىدىكى بەزى ساپال بۇيۇملار شۇ چاغدىكى ئوت يال-
قۇنىنىڭ كۈچلۈك تېمپېراتۇرىسىدا قىزىپ، ئېرىپ كەتكەنى-
دى. قىسقىسى، بۇ خىتىملقلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىر با-
لايىئاپەت بولۇپ، پۈتكۈل خىتىم شەھىرى تېزلا كۆيۈپ
خارابىگە ئايلانغانىدى.

خىتىم خاندانلىقى گەرچە ئىنتايىن تېز ۋەيران بولغان
بولسىمۇ، بىراق بۇ يوقىلىشنىڭ تۈپ سەۋەبىنى نەچچە
ئون يىل ئاۋۋالقى، ئۇلار دۇچ كەلگەن ھەر خىل ئاملا-
لارغا تاقاشقا توغرا كېلىدۇ. شۇ تۈپەيلىدىن، قوبۇل قىلمى-
سا بولمايدىغان پاجىئە كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن.
خىتىم خاندانلىقىنىڭ ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تۇيۇقسىز
ۋەيران بولۇپ كېتىشىگە قارىتا ئارخېئولوگ ئالىملىرىنىڭ
كۆز قاراشلىرىمۇ ئوخشاشمايدۇ. بىراق يىغىپ ئېيتقاندا،
ئۇلار يەنىلا تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە خىل سەۋەب بار-
لىقىنى يەكۈنلىگەن:

بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، مەلۇم ئەسىرگە كەلگەندە
ئوتتۇرا شەرق رايونىدا ئېغىر قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز
بېرىپ، مول ھوسۇل كېمىيىپ كەتكەن. بۇ خىتىم ئىمپېرد-
يەسىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى ئىنتايىن ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەن.
بۇنىڭ تەسىرىدە پۇقرالار ئۆز تۇرمۇشىنى قامداش
ئۈچۈن مۇنبەت تۇپراق ئىزدەپ كۆچۈشكە مەجبۇر
بولغان. دۆلەت ئەمەلدارلىرى ۋە پۇقرالارنىڭ تۇراقسىزلى-
شىشىغا قوشۇلۇپ، شىمالدىن كەلگەن قاراقچى كۆچمەن
چارۋىچى قەبىلە بىلەن غەربتىكى تاجاۋۇزچى كۈچلەرنىڭ
بىرىكىشى نەتىجىسىدە، خىتىم ئىمپېرىيەسى يىمىرىلىش گىر-
دابىغا قاراپ ماڭغان دەپ قارايدۇ.

يەنە بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، «دېڭىزچىلار» ئوتتۇرا
شەرققە تاجاۋۇز قىلغان، دەپ قارايدۇ. ئارخېئولوگ ئالىم-
لىرىنىڭ بايقىشىچە، رامېسسېس III مىلادىدىن ئىلگىرىكى
1180 - يىللىرى ئەتراپىدا يېزىپ قالدۇرغان بىر پارچىدا:
«بۇ سىرتقى دۆلەتلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئاراللىرىغا قارىتا
تۈزگەن تېررىتورىيەلىك مەخپىي سۇيىقەست پىلانى
بولۇپ، بىرمۇ دۆلەت بۇ تىغ ئۇچىنى توسۇپ قالالمىدى،
كەلگۈلۈك ھەممىدىن ئاۋۋال خىتىمغا كەلدى... ئۇلار دا-
ۋاملىق ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىدى... مىسىرغا كەلدى»
دەپ خاتىرىلەنگەن. لېكىن نۇرغۇن تارىخشۇناسلار خىتىم
ئىمپېرىيەسىنىڭ يالغۇز «دېڭىزچىلار»نىڭلا قولىدا ۋەيران
بولغانلىقىدەك بۇ خىل قاراشنى ناھايىتى تەستە قوبۇل
قىلىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ خاھىشىچە بولغاندا، بۇنىڭغا چې-
تىشلىق يەنە باشقا تاجاۋۇزچىلارمۇ بولۇشى مۇمكىن. يەنە
كېلىپ دۆلەت ئىچىدىكى دۈشمەنلەرمۇ خېلى تەسىر كۆر-
سەتكەن دەپ قارايدۇ.

قىسقىسى، مىلادىدىن بۇرۇنقى 1150 - يىلىغا كەلگەن-
دە، خىتىم ئىمپېرىيەسى تەلتۆكۈس يوقالغانىدى. ئەينى چاغ-
دىكى بۈيۈك شەھەرلەر خارابىلىككە ئايلىنىپ، ھايات قالغان
خىتىملقلار تۆت تەرەپكە قاراپ قاچقان. نۇرغۇن يىللارنىڭ
ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار باشقا مىللەتلەر بىلەن ئۆز ئارا ئاسسىمى-
لاتاتسىيە بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن خىتىم مەدەنىيتى
يەنىلا دۇنيا تارىخىغا ئۆزىنىڭ بىر بېتىنى قالدۇرالىغان. خىتىم
ئىمپېرىيەسى گۇمران بولۇپ 200 يىلدىن كېيىن، ئاناتولو-
نىڭ شەرقىي قىسمى بىلەن سۇرىيەنىڭ شىمالىي قىسمىدا يەنە
15 كىچىك خاندانلىق قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان. ئار-
خېئولوگلار بۇ خاندانلىقتىكى خەلقلەرنىڭ خىتىملقلارنىڭ كې-
يىنكى ئەۋلادى ئەمەسلىكىگە ئىشەنگەن بولسىمۇ، بىراق
ئۇلار بۇ يەردىكى خەلقنىڭ ھەقىقەتەنمۇ خىتىملقلارنىڭ تىلى-
نى قوللانغانلىقى ھەم بىر قىسىم دىنىي ئۆرپ - ئادەتلىرىنى
قوبۇل قىلغانلىقىنى ھېس قىلغان، شۇڭا ئالىملار بۇ خاندانلىق-
لارنى «يېڭى خىتىملقلار» دەپ ئاتىغان.

بۇ «يېڭى خىتىملقلار» سۇرىيەدە ئىشتات قۇرغان
ھەمدە مىلادىدىن بۇرۇنقى 8 - ئەسىرلەرگىچە داۋاملاشتۇر-
غان. كېيىنكى ۋاقىتتا خاماستىن تېپىلغان تاشلار دەل سۇ-
رىيەدىكى يېڭى خىتىملقلارنىڭ ھەيكەلتىراشلىرى بولۇپ
چىققان. بۇنىڭدىن باشقا «ئىنجىل»دا تىلغا ئېلىنغىنىمۇ
دەل ئاشۇ يېڭى خىتىملقلار. خاماس تېشى بىلەن «ئىن-
جىل»دىن ئېرىشكەن بەزىبىر ئۇچۇرلار پەقەت بىرىنچى
قول يىپ ئۇچىنىڭ بىر قىسمىدۇر، خالاس. بىراق بۇ يىپ
ئۇچى، خىتىم مەدەنىيتىنىڭ سىرلىرىنى ئېچىشتا ھازىرقى
زامان ئالىملىرىغا ناھايىتى چوڭ ياردەم بولغان.

تەرجىمە قىلغۇچى: مېھرىگۈل قادىر

(ئاپتور: شىنجاڭ خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىدە)

# جامېس فرازېر ۋە ئۇنىڭ «ئالتۇن شاخ» ناملىق ئەسىرى



ئابدۇقەييۇم مىجىت

جامېس فرازېر (James George Frazer، 1854~1941) ئەنگلىيەنىڭ شىمالىدىكى ئەڭ چوڭ شەھەر — گىلاسگودا بىر بۇرژۇئا ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1869-يىلى گىلاسگو ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئوقۇغان، 1874-يىلى كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىغا يۆتكىلىپ، تېئولوگىيە (ئىلاھىيەتشۇناسلىق) ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ 1907-يىلى لىۋېرپول ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر يىل جەمئىيەت ئىنسانشۇناسلىقى پروفېسسورى بولۇپ ئىشلىگىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇ 1871-يىلدىن تارتىپ تاكى ئالەمدىن ئۆتكىچە كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ جەرياندا ئۇ ئېدۋارد تەيلورنىڭ تەسىرى بىلەن ئېتنوگرافىيەگە قىزىققان. ئۇ 1914-يىلى كىنەزلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، 1920-يىلى ئەنگلىيە پادىشاھلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئەنگلىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى بولغان. فرازېر «توتېم تۈزۈمى» (1887)، «ئالتۇن شاخ» (1890)، «توتېم تۈزۈمى ۋە ئۇرۇق سىرتىدىن نىكاھلىنىش»(1910)، «مەڭگۈلۈك ئېتىقاد ۋە ئۆلگۈچىگە تېۋىنىش» (1913~1924)، «كونا ئىنجىلدىكى ئۆرپ-ئادەتلەر» (1918~1919)، «تەبىئەتكە چوقۇنۇش» (1926)، «ئوتنىڭ كېلىپ چىقىش ئەپسانىسى» (1930) قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلەرنى يازغان ۋە ئېلان قىلدۇرغان. فرازېر ئەنگلىيەنىڭ كلاسسىك ئىنسانشۇناسلىقىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر ۋەكىللىك شەخس ھېسابلىنىدۇ. ئۇ كلاسسىك ئەدەبىياتتا ئۆگەنگەنلىرىنى ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقاتىغا تەتبىقلىغان. كېيىنكى تەتقىقاتچىلار ئۇنىڭ دالا تەكشۈرۈش تەجرىبىسىنىڭ يوقلۇقىغا قاراپ، ئۇنى «كرېسلودىكى ئىنسانشۇناس» دەپ مەسخىرە قىلغان. گەرچە ئۇ دالا تەكشۈرۈش بىلەن شۇغۇللانمىغان بولسىمۇ، «ئالتۇن شاخ» ناملىق مەشھۇر ئەسەرنى يېزىپ چىققان. فرازېر گەرچە ئافرىقىغا بېرىپ باقمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئافرىقا ھەققىدىكى بىلىمى ئافرىقىدا 20 يىل تۇرغان ئادەمنىڭكىدىنمۇ مول، فرازېر ھاياتىدا كۆپلىگەن ئىلمىي ئەسەرلەرنى يازغان بولسىمۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ «ئالتۇن شاخ» ناملىق ئەسىرى ئەڭ داڭلىق. بۇ ئەسەر ئەنگلىيەدە نەشر قىلىنىپ، ئۇزاق ئۆتمەي ياۋروپادىكى نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان. ئاپتور «ئالتۇن شاخ»تا، دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ توتېم ئېتىقادى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، مۇراسىملىرى، قائىدە-يوسۇنلىرى، پەرھىزلىرى ۋە ئېتىقاد

شەكىللىرىنى بايان قىلغان بولۇپ، بۇ ئەسەر فولكلور،
دىن تارىخى، ئېتنوگرافىيە، ئىنسانشۇناسلىق پەنلىرىدە نا-
ھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، بىز فرازېرنىڭ ئىلمىي ئە-
دىيەسىنى ئۇنىڭ «ئالتۇن شاخ» ناملىق ئەسىرىدىن بىلە-
لەيمىز.

فرازېرنىڭ «ئالتۇن شاخ» ناملىق ئەسىرى دۇنيا-
نىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقاد
شەكىللىرى، توتېم ئېتىقادى، قائىدە-يوسۇنلىرى، ئۆرپ-
ئادەتلىرى ۋە پەرھىزلىرى سىستېمىلىق بايان قىلىنغان
قامۇس ئەسەر بولۇپ، ئۇ بىزنى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى-
نىڭ بۇگۈنكى كۈندە ئاللىقاچان ئەپسانىگە ئايلىنىپ
كەتكەن ئۆتمۈش رېئاللىقىدىن خەۋەردار قىلىدۇ. ئەسەر-
نىڭ نامى بولغان «ئالتۇن شاخ» دېگەن ماۋزۇ ئادەمنىڭ
دىققىتىنى تارتىدۇ. «ئالتۇن شاخ» دېگەن بۇ نام مۇئەل-
لىپ تەرىپىدىن خىيالەن توقۇپ چىقىرىلغان بولماستىن،
بەلكى قەدىمكى رىم يازغۇچىلىرى بايان قىلغان ئەپسانە-
رىۋايەتلەردىن كەلگەن. «ئالتۇن شاخ» دېگەن بۇ سۆز
ئەڭ بالدۇر 2000 يىل بۇرۇنقى رىم شائىرى ۋېيجىر (مى-
لادىدىن بۇرۇنقى 70 ~ 19 - يىللار) شېئىرلىرىدا ئىشلىتىل-
گەن. ئۇ «ئېنېئاس خاتىرىلىرى» ناملىق داستانىدا قەدىم-
كى گرېتسىيە، رىمدىكى نۇرغۇن ئەپسانە-رىۋايەتلەرنى
بايان قىلغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تروييا قەھرىمانى ئېنېئاس
تروييا ئۇرۇشىدا تروييالىقلار مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن،
ئاتىسىنى يۈدۈپ، ئوغلىنى يېتىلەپ يات يۇرتلارغا كېتىدۇ.
يولدا ئاتىسى ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئۇ سەرسانلىق-سەرگەردان-
لىق ھاياتىنى داۋام ئېتىدۇ. ئاخىر ئۇ بىر ئىلاھەنىڭ كۆر-
سەتمىسى بىلەن بىر تال شاخنى سۇندۇرۇپ، باقىي دۇنيا-
غا بېرىپ ئاتىسىنىڭ روھىنى ئىزدەيدۇ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ
كەلگۈسى تەقدىرىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئېنېئاس شېخىنى
سۇندۇرغان بۇ دەرەخنىڭ نامى دەل «ئالتۇن شاخ»
ئىدى.

«ئالتۇن شاخ» ناملىق بۇ ئەسەر ئۆز ئىچىگە
ئالغان مەزمۇنىنىڭ مولluقى، چېتىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلى-
كى، ئىلمىي قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن فولكلور، مەدە-
نىيەت ئىنسانشۇناسلىقى، دىنشۇناسلىق قاتارلىق پەن سا-
ھەلىرىدە بىلىمسە، ئوقۇمىسا بولمايدىغان بىر ئەسەر ھې-
سابلىنىدۇ. چۈنكى بۇ ئەسەر ئېلان قىلىنغان بىر ئەسىر-
دىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ئىزچىل كەڭ كىتابخانلار-
نىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇشىغا، ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئىلمىي ئە-
سەرلىرىدە ئۇنىڭدىن كۆپلەپ نەقىل ئېلىنىشىغا ئېرىشىپ،
ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئىزچىل نامايان قىلىپ كەلمەكتە. فرا-
زېرنىڭ «ئالتۇن شاخ» ناملىق ئەسىرىنىڭ باش تېمىسىغا
مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلىرىدىن «پادىشاھلىق ھوقۇقىنىڭ ئال-
دىنقى مەزگىللىك تارىخى ھەققىدە سۆز» (بۇ ئەسەر 1920 -
يىلى ‹پادىشاھلىقنىڭ سىرلىق مەنبەسى› دېگەن نامدا نەشر
قىلىنغان)، «ئادونىس، ئاتىس ۋە ئوشىلىس» (1906)،
«پۇشكىنىڭ بۇرچى» (1909)، «سېھىرگەر ۋە پادىشاھنىڭ
ئۆزگىرىشى» (1911)، «قۇربانلىق» (1913)، «گرېتسى-
يەنىڭ مەنزىرىسى، رىۋايەتلىرى ۋە تارىخى» (1917) قا-
تارلىقلار بار. بۇ ئەسەرلەرمۇ «ئالتۇن شاخ» بىلەن بىر
قاتاردا ئىنسانشۇناسلىقنىڭ ئاساسىي مەسىلىلىرىگە كۆڭۈل
بۆلگەن ۋە كىشىلەرنىڭ دىققەت-ئېتىبارىغا ئېرىشكەن.
ئىنسانشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، «ئالتۇن شاخ»تا
بىر خىل ئالاھىدە ئۆرپ-ئادەتلەر بىلەن «مۇقەددەس پا-
دىشاھلىق ھوقۇق» مۇھاكىمە قىلىنغان. «ئالتۇن شاخ»
نىڭ تۆت خىل نەشر نۇسخىسى بولۇپ، 1890 - يىلى
ئىككى توم، 1900 - يىلى ئۈچ توم، 1911 ~ 1915 - يىللى-
رى 12 توم قىلىپ نەشر قىلىنغان، 1922 - يىللىرى 12
تومدىن قىسقارتىلىپ نەشر قىلىنغان. ئەسەرنىڭ مۇقەددى-
مىسىدە فرازېر ئىتالىيەدە كەڭ تارقالغان ئاجايىپ بىر ئا-
دەتنى گۈزەل تىل ئۇسلۇبى بىلەن بايان قىلىدۇ: ئىتالىيە-
نىڭ ئالبا (Alba) تاغلىرىدىكى ئارىچىئا (Aricia) ئورمانلى-
قىدا بىر «نېمى» (Nmei) دەپ ئاتىلىدىغان كىچىك كۆل
بار. كۆل بويىدا «ئورمان مۇئەككىلى دىئاننا» دەپ ئاتى-
لىدىغان بىر ئىبادەتخانا بار. ساياھەت قىلغۇچىلارنىڭ نە-
زەرىدە بۇ جاي بىر گۈزەل، جىمجىت تەبىئىي مەنزىرە.
ئەمما قەدىمدە بۇ جايدا ئۇزاق مەزگىل ئادەم قورققۇ-
دەك تىمتاسلىق ھۆكۈم سۈرگەن. كىشىنى قايمۇقتۇرۇپ،
گاڭگىرىتىپ قويىدىغان ئېچىنىشلىق تىراگېدىيەلەر يۈز
بەرگەن. «نېمىدىكى مۇقەددەس ئورمانلىقتا بىر تۈپ
چوڭ دەرەخ بولۇپ، كېچە-كۈندۈز ھەمىشە ئادەمنى
قورقۇتۇپ جان-پىننى قويمايدىغان بىر سايە ئۇنىڭ ئەت-
راپىدا يالغۇز ئۇياقتىن-بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. ئۇ بىر
كاھىن ھەم بىر قاتىل بولۇپ، قولىدا بىر خەنجەرنى

تۇتۇپ، توختىماستىن تۆت ئەتراپنى چارلايتتى، قارىماققا ئۇ خۇددى ھەر ۋاقىت دۈشمەنىنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىۋاتقان كىشىگە ئوخشايتتى.» ئۇ نېمە ئادەمنى ئىزدەيدۇ؟ قانداق دۈشمەن كېلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ؟ قېچىپ كەتكەن قۇللار. بۇ يەردىكى دىئانىنا قەسرىنىڭ مۇنداق بىر بەلگىلىمىسى بار: كاھىنلىق ئورنىنىڭ كاندىداتى پەقەت ھازىرقى كاھىننى ئۆلتۈرەلىسە ئاندىن — تاكى شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىپ، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئۆزىدىن تېخىمۇ كۈچلۈك بىرەرسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگىچە — كاھىنلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلالايدۇ ھەمدە «ئورمان پادىشاھى» دېگەن نامغا ئېرىشىدۇ.

فرازېر نېمىدىكى بۇ خىل غەلىتە كاھىنلىققا ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمىگە قارىتا، ئۇنىڭ مەنبەسىنى پەقەت دىئانىنا بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان قەدىمكى گرېك رىۋايەتلىرىدىنلا ئىزدەپ تاپقىلى بولىدۇ. نېمىدىكى دىئانىناغا تېۋىنىش ۋە ئورېستېس (Orestes)تىن ئىبارەت بۇ قەھرىماننىڭ نامى بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەن دەپ قارىغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئورېستېس تائۇرىك (Tauric) يېرىم ئارىلى (يەنى Crimea)نىڭ پادىشاھى توئاس (Thoas)نى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئاچىسى بىلەن بىللە ئىتالىيەگە قېچىپ كەتكەن ھەمدە تولكتىكى دىئانىنانىڭ سۈرىتىنى (بۇتىنى) بىر باغلام ئوتۇن ئىچىگە يوشۇرۇپ يېنىدا ئېلىپ يۈرگەن. رىۋايەتتە تائۇرىكتىكى دىئانىنانىڭ نەزىر مۇراسىمى ناھايىتى قانلىق ئۆتكۈزۈلگەن. ئېيتىلىشىچە، ھەر بىر قىرغاققا چىققان ياقا-يۇرتلۇق ئۇنىڭ نەزىر-چىراغ سۇپىسىدا بوغۇزلىنىپ، ئۇنىڭغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىنغان. ئەمما بۇ مۇراسىم ئىتالىيەگە تارقالغاندىن كېيىن، سەل مۆتىدىللەرەك شەكىل قوللىنىلغان. نېمىدىكى مۇقەددەس قەسىردە بىر تۈپ مۇقەددەس دەرەخ بار، ئۇنىڭ شېخىنى كېسىشكە، سۇندۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. پەقەت قېچىپ كەتكەن قۇللارنىڭلا ئۇنىڭ شېخىدىن بىر تال سۇندۇرۇشىغىلا رۇخسەت قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ دەرەخ شېخىنى سۇندۇرالىسا، كاھىن بىلەن دوئېلغا چۈشۈش سالاھىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. ناۋادا ئۇ دوئېلدا كاھىننى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆلتۈرەلىسە، ئۇ كاھىننىڭ ئورنىغا چىقىدۇ ھەمدە «ئورمان پادىشاھى» (RexNemorensis) دېگەن شەرەپلىك نامغا مۇيەسسەر بولالايدۇ. قەدىمكىلەرنىڭ قارىشىچە، ئادەملەرنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان بۇ مۇقەددەس دەرەخ دەل «ئالتۇن شاخ»تۇر. دىئانىنادىكى كاھىن نېمە ئۈچۈن ئۆزىدىن بۇرۇن تەيىنلەنگەن كاھىننى ئۆلتۈرىدۇ؟ ئۇنى ئۆلتۈرۈشتىن بۇرۇن، نېمە ئۈچۈن ئۇ مۇقەددەس دەرەخنىڭ بىر تال شېخىنى سۇندۇرۇشى كېرەك؟ فرازېر بۇ سوئاللارغا جاۋاب تېپىشقا تىرىشقان. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ بۇ ئەپسانىگە مۇناسىۋەتلىك ئادەتلەرنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن يىراق قەدىمكى زاماندىكى سېھىرگەرلىك، ئۆرپ-ئادەت، مۇراسىم ۋە ئەپسانىلەرنى، بولۇپمۇ ئۇلاردىكى سېھىرگەرلىكنىڭ پرىنسىپى ۋە رولىنى چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان. ئۇ ھەر خىل ئالاھىدە ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ مەنبەسى ۋە تارىخىي جەريانلىرىنى تېپىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسىنى چۈشەندۈرگەن. فرازېرنىڭ بايان قىلغىنى «ئالتۇن شاخ» ھېكايىسىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىدۇر. ئۇ



ئەسىردە كىتابخانىلارنى بىر ئۇزاق سەپەرگە باشلايدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ نېمىدىكى بۇ ئاجايىپ ئادەتكە بولغان شەرھلىشىگە ئىشەندۇرىدۇ، فرازېر سېلىشتۇرما تەتقىقات ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان «مۇقەددەس پادىشاھ» (the sacred king)لىق ئادىتى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئەقىدە-ئېتىقادلارنى كەڭ دائىرىدە سېلىشتۇرغان.

نېمىدىكى كاھىن، ئەمەلىيەتتە، «مۇقەددەس پادىشاھ»نىڭ ۋارىيانتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئەسلى تېپى تۇنجى بولۇپ نېمىنىڭ پادىشاھلىقىغا تەيىنلەنگەن ۋە مۇقەددەس ئورمانلىقتىكى قورغۇچى ۋىربىئۇس (Virbius)، ئۇ دەل ئۇلۇغ مول ھوسۇللۇق ئىلاھە دىئانانىڭ ھەمراھى ئىدى. ئېپىتشىلارغا قارىغاندا، ۋىربىئۇس گرېك قەھرىمانى ھىپپولىتۇس (Hippolytus) بولۇپ، ئۇ ئۆگەي ئانىسىنىڭ ناتوغرا مۇھەببىتىنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ تۆھمىتىگە ئۇچرىغان. دېڭىز ئىلاھى بوسەيدۇن دېڭىزدىن بىر تۇياق كالىنى ئېلىپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئاتلىرىنى ئۈركۈتۈۋېتىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. دىئانانا تېبابەت ئىلاھىنىڭ ئاشىقىنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ قوبۇشنى ئۆتۈنگەندىن كېيىن، ئۇنى يۇدۇپ نېمىدىكى ئورمانلىققا كېلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئىسمىنى ۋىربىئۇس دەپ ئۆزگەرتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ۋىربىئۇس ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىدە خىلۋەتچىلىكتە ياشاپ، شۇ يەردە پادىشاھلىق قىلىدۇ ھەمدە ئورمانلىقنى دىئاناناغا تەقدىم قىلىدىغان مۇقەددەس يەر قىلىدۇ. شۇڭا بۇ ئورمانلىقتىكى ھەر بىر كاھىن ئۆزىنىڭ ئەجدادى ۋىربىئۇسقا ئوخشاش ئۆمۈرۋايەت دىئانانىڭ مۇجەسسىمى بولغان «مۇقەددەس دەرەخ»نى مۇھاپىزەت قىلىدۇ، ئۇلار ئەۋلادمۇئەۋلاد ئورمان پادىشاھىنىڭ مەنسىپىنى قوغداپ، دىئانانىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ، ئۇلار توختىماستىن بۇ مۇقەددەس دەرەخنى ئىلاھە قىلىپ ئۇنىڭغا تېۋىنىدۇ ھەم ئۇنى خوتۇن قىلىدۇ، بىراق شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلارمۇ ۋىربىئۇسقا ئوخشاش بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قورقۇنچلۇق مەنزىلگە قاراپ مېڭىشى كېرەك.

نېمىدىكى ئورمان پادىشاھى بىر يەككە-يېگانە مىسال ئەمەس. ئۇ، ئەمەلىيەتتە، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە كەڭ مەۋجۇت بولغان بىر خىل ئوبراز. بۇ ئوبراز ئىنسانشۇناسلىقتا «مۇقەددەس پادىشاھ» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئىلاھىي ھوقۇق بىلەن پادىشاھلىق ھوقۇقىنىڭ بىرىكمىسى. ئۇ ھەم پادىشاھ، ھەم كاھىن، دەھرىي، ھەم ئادەتتىكىدىن تاشقىرى روھ. فرازېر بىلەن زاماندىش بولغان داڭلىق ئىنسانشۇناس سېلىگمەن (Seligman) «مۇقەددەس پادىشاھ»قا قارىتا بىر نەچچە ئاساسىي ئامىلنى بەلگىلىگەن: (1) ئۇ «تەبىئەتكە قارىتىلغان كۈچ»كە ئىگە بولۇپ، ئۇ خالاپ ياكى خالىماي ئۇنى يۈرگۈزىدۇ. (2) ئۇ «دۇنيانىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ» مەركىزى دەپ قارىلىدۇ، ئۇنىڭ ھەرىكىتى ۋە ھايات مۇساپىسى بۇ دۇنيانىڭ گۈللىنىشى، روناق تېپىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۇلار پۈتۈنلەي ئىدارە قىلىنىشقا لازىمدۇر. (3) ئۇنىڭ كۈچى ئاجىزلاشقان ۋاقىتتا، ئۇ چوقۇم ئۆلتۈرۈلۈشى، دۇنيانىڭ ئىنسان ئىلاھلار (Man−God)غا ئەگىشىپ زاۋاللىققا يۈز تۇتمايدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈش كېرەك. فرازېرنىڭ قارىشىچە، پادىشاھ شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلاھىي ماھىيەتكە ئىگە، كى، ئۇلار ئەسلىدە شۇ يەرلىك جەمئىيەتتىكى مەخپىي بىلىملەرنى ئىگىلىگەن، ئالاھىدە ئىقتىدارلارنى ھازىرلىغان باخشىلاردۇر. مەسىلەن، ئافرىقىدىكى پادىشاھلار دائىم يامغۇر تىلىگۈچىلەردىن كېلىپ چىققان. ئەلۋەتتە، باخشىلارنىڭ ھەممىسى پادىشاھ ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ناھايىتى ئاز ساندىكىلىرىلا پادىشاھ بولالايدۇ. ئەمما فرازېر «ئالتۇن شاخ»تا بۇ كونكرېت جەرياننى ئېنىق كۆرسەتمىگەن، دۇنيادىكى نۇرغۇن رايونلاردا پادىشاھ قەدىمكى باخشىلار ياكى باخشىلار بىلەن مەنىۋى ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە ۋارىسلاردۇر. مۇبادا بىر ئالاھىدە باخشىلار تەبىقىسى ئاللىقاچان جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ چىقىپ دۆلەتنى تىنچىتىپ، مۇستەھكەملىگەندىن كېيىن، بۇ كىشىلەر تاكى ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرى ئۆزىنىڭ پۈتۈن كارامەتلىرىنى كۆرسىتىپ، مۇقەددەس پادىشاھ بولغىچە كۆنسېرى كۆپىيىۋاتقان مال-دۇنيا ۋە ھوقۇققا ئېرىشىدۇ.

بۇنداق پادىشاھلارنىڭ سېھرگەرلىك ياكى تەبىئەتتىن ھالقىغان چەكسىز كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكى، تۇپرىقى مۇنبەت يەرلەرنى ئۆزىگە بېقىنغانلارغا پايدىلىنىش ئۈچۈن بېرىشى پەقەت «ئىپتىدائىي جەمئىيەت»تىكى ئادەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھىندىستاندىن تارتىپ ئېرلاندىيەگىچە بولغان زېمىنلاردىكى ئارىئانلارنىڭ ئەجدادلىرىغىمۇ

ئورتاق بولغان ئىشتۇر. غەرب دۆلەتلىرىدە ئۇنىڭ ئىزنا-
لىرىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. مەسىلەن، ئوتتۇرا ئەسىرلەردە
دانىيە پادىشاھى ۋالدېمار I (Waldemar) گېرمانىيەنى سا-
ياھەت قىلغاندا، ئانىلار بوۋاقلىرىنى، دېھقانلار ئۇرۇقلىرد-
نى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ قولى بىلەن سىيلاپ قويۇشنى
ئۆتۈنگەن. ئۇلار پادىشاھنىڭ سىيلاپ قويۇشى بىلەن بال-
لارنىڭ تېخىمۇ قاۋۇل، بەقۇۋۋەت ئۆسىدىغانلىقىغا ئىشە-
نەتتى. دېھقانلار مۇشۇنداق ئۇمىد بىلەن پادىشاھتىن يېرد-
گە ئۇرۇق چېچىپ بېرىشنى ئۆتۈنگەن. كىشىلەر يەنە پا-
دىشاھنىڭ سىيلاپ قويۇشى بىلەن بەزى كېسەللەرنىڭ سا-
قىيىپ كېتىدىغانلىقىغىمۇ ئىشەنگەن. ناھايىتى ئۇزاق زامان-
لاردا ئەنگلىيە پادىشاھلىرىدىمۇ مۇشۇنداق سىيلاپ
قويۇش ئارقىلىق كىشلەرنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتىش
ئادىتى بولغان. مەسىلەن، 17 ـ ئەسىردىكى چارلى بىر ھا-
ياتىدا 100 مىڭغا يېقىن بىمارنىڭ كېسىلىنى سىيلاپ قويۇپ
ساقايتقانلىقى مەلۇم. ئوردىنىڭ ئالدىغا كېلىپ داۋالاپ قو-
يۇشنى ئۆتۈنىدىغان كىشلەر ناھايىتى قىستى-قىستاڭ
بولۇپ كېتەتتى، ھەتتا بىر قېتىملىق قىستاڭچىلىقتا ئالتە-
يەتتە بىمار دەسسىلىپ ئۆلۈپ كەتكەن. جامېس I ۋە
ئۇنىڭ قىزى، ئايال پادىشاھ ئاننامۇ بۇ ئەنئەنىنى دا-
ۋاملاشتۇرغان. فىرانسىيە پادىشاھلىرىمۇ ئوخشاشلا
سىيلاپ قويۇش ئارقىلىق كېسەل داۋالاش ئىقتىدارىغا ئىگە
دەپ قارالغان. تارىخشۇناس مارك بلوك (Marc.BIoch)
ئەنگلىيە، فىرانسىيە ئىككى دۆلەتتىكى بۇ خىل ئا-
دەتنى تېما قىلىپ، «خان جەمەتىنىڭ سىيلاپ قويۇشى»
(The Royal Touch: Sacred Monarch yand Scrofulain England an din France)
ناملىق بىر كىتاب يازغان. مۇقەددەس پادىشاھلارمۇ، ئېھ-
تىمال، باشقا شەكىللەرگە ئۆزگەرگەن، ئەلڭ داڭلىق بىر
خىلى «قۇربانلىق»تۇر. فرازېرنىڭ نەزەرىدە بۇ پادىشاھ
پىلانلىغان ئىش بولۇپ، ئۇنىڭ مەقسىتى ئۇلارنى ئۆزلىرد-
نىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىدىن قاچۇرۇۋېتىشتۇر. فرازېر قە-
دىمكى رىم ۋە گرېكلاردا مۇشۇنداق ئوبرازلارنىڭ بارلىقى-
غا دىققەت قىلغان. قەدىمكى رىمدا ھەر يىلى 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ
كۈنى كىشلەر رىم كوچىلىرىدا بىر ياۋايى ھايۋان تېرىسىنى
يېپىنچاقلىۋالغان ئادەمنى يېتىلەپ، ئۇزۇن ئاق رەڭلىك
تاياق بىلەن ئۇنى ئۇرۇپ، قوغلاپ شەھەر سىرتىغا چىقىرد-
ۋېتىدۇ. كىشلەر ئۇنى « Mamurius Veturius» دەپ ئا-
تايدۇ. ھەممىگە ئايانكى، مارس (Mars) رىم ئەپسانىلىرد-
دىكى جەڭ ۋە دېھقانچىلىق ئىلاھى، ئەمما ئەڭ دەسلەپ-
كى مەزگىللەردە مارس جەڭ ئىلاھى ئەمەس، بەلكى ئۆ-
سۈملۈك ئىلاھى ئىدى. دېھقانلار مارستىن تېرىق، ئۈزۈم،
مېۋىلىك دەرەخ ۋە ئورمانلىرىنىڭ بۈك-باراقسان ۋە
مول بولۇشىنى تىلىگەن. قەدىمكى گرېتسىيەدىمۇ قۇرباند-
لىق قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. بەزى جايلاردا بۇ خىل
مۇراسىملار ئائىلىلەردە ئائىلە باشلىقىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە
ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ مۇراسىم «ئاچارچىلىقنى
قوغلاش» دەپ ئاتالغان. بۇ مۇراسىمدا تۇۋېلغىنىڭ شېخى
بىلەن بىر قۇل ئۇرۇلۇپ ئىشىكنىڭ تېشىغا چىقىرىۋېتىلىدۇ
ھەمدە «ئاچلىق كەت، دۆلەت ۋە ساغلاملىق كەل!»
دېيىلىدۇ. گرېتسىيەنىڭ مارسېل شەھرىدە، مۇبادا ۋابا كې-
سىلى تارقالسا، بىر كۆك نامراتنى ئېلىپ كېلىپ قۇربانلىق
قىلاتتى، كىشلەر ئۇنى تولۇق بىر يىل بېقىپ، ئەڭ
ياخشى يېمەكلىكلەرنى ئۇنىڭغا يېگۈزۈپ، مۇددەت توش-
قاندا ئۇنىڭغا تون كىيگۈزۈپ، مۇقەددەس شاخلار بىلەن
ئۇنى بىزەپ، پۈتۈن شەھەرنى بىر ئايلاندۇرىدۇ. شۇنىڭ
بىلەن بىللە، ئۇنىلۈك ئاۋازدا پۈتۈن بالا-قازانىڭ شۇ بىر
ئادەمنىڭ بېشىغا كېلىشىنى تىلەپ دۇئا-تىلاۋەت قىلىدۇ،
ئاندىن ئۇنى شەھەرنىڭ سىرتىغا تاشلىۋېتىدۇ ياكى سېپىل-
نىڭ سىرتىغا تاشلاپ تاشبوران قىلىپ ئۆلتۈرىدۇ، مىلادى
6 ـ ئەسىردە كىچىك ئاسىيادىكى گرېكلار ئارىسىدا مودا
بولغان مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئادەت تېخىمۇ
غەلىتە. شەھەردە ۋابا، ئاچارچىلىق ياكى باشقا كۆلىمى
چوڭراق بالا-قازا يۈز بەرگەندە، چىرايى خۇنۈك ياكى
غەلىتە بىر ئادەمنى تېپىپ، پۈتۈن جەمئىيەتتىكى بارلىق
رەزىللىك، قەبىھلىكلەرنى ئۇنىڭ زىممىسىگە ئارتىپ، ئۇنى
بىر مۇۋاپىق جايغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا ئەنجۈر قېقى،
ئارپا بولكىسى، پېچىنە، ئىرىمچىك قاتارلىق نەرسىلەرنى
قولىغا تۇتقۇزۇپ ھەممىنى يېگۈزىدۇ. ئاندىن يەنە سىتە-
سىللا، ياۋا ئەنجۈرنىڭ شېخى ۋە باشقا ياۋا دەرەخلەرنىڭ
شېخى بىلەن نەينىڭ بىر خىل ئالاھىدە رىتىمىگە ئەگە-
شىپ ئۇنىڭ زەكىرىگە يەتتە قېتىم ئۇرىدۇ، ئاندىن كېيىن
ئورمانلىقتىكى ئوتۇنلارنى دۆۋىلەپ، ئۇنى كۆيدۈرۈپ
دەپنە قىلىپ، جەسەت كۈلىنى دېڭىزغا چېچىۋېتىدۇ.

ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئېتىقادىدا، ئىلاھلارمۇ

ئىنسانلارغا ئوخشاش ئۆلىدۇ دەپ قارىلىدۇ. مەڭگۈ
ھايات تۇرىدىغان ئىلاھ ئۇقۇمى كېيىنكى مەزگىللەردە
پەيدا بولغان. ئۆلۈمدىن مۇستەسنا بولالمايدىغان ئىلاھ-
لارغا ئوخشاش پادىشاھلارمۇ ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ تەق-
دىردىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئىپتىدائىي ئېتىقاد سىستېمى-
سىدا، كىشىلەرنىڭ بەختەرلىكى، ھەتتا دۇنيانىڭ بەختەر-
لىكى ئادىمىي ئىلاھلارنىڭ ھاياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت-
لىك دەپ قارالغان. شۇڭا كىشىلەر ئادىمىي ئىلاھلاردىن
بولغان پادىشاھلارنىڭ ھاياتىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەن،
شۇنىڭ بىلەن تەرتىپلىك ۋە سىستېمىلىق بولغان. ئەمما ئا-
دىمىي ئىلاھلاردىن بولغان پادىشاھلارنىڭ ھاياتىدا ناھايە-
تى خەۋپلىك ئامىللار بولغان. چۈنكى تەبىئەتنىڭ تەرەققى-
ياتى ئۇلارنىڭ ھاياتىغا تايانغان. ئۇنداقتا، ئادىمىي ئىلاھ-
لارنىڭ ئىقتىدارى تەدرىجىي ئاجىزلىسا ھەمدە ئۆلسە، بۇ
دۇنياغا غايەت زور بالا-قازا كېلىدۇ. بۇخىل خەۋپ-خە-
تەرلەرنى توسۇشنىڭ پەقەت بىرلا ئامالى شۇكى، مۇبادا
ئۇنىڭ ئىقتىدارى چېكىنگەنلىك ئالامىتى كۆرۈلسە، ئۇنى
دەرھال ئۆلتۈرۈپ، ئىقتىدار چېكىنىشتىن بۇرۇن ئۇنى
كۈچ-قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان بىر ئىزباسارغا ئۆتكۈ-
زۈپ بېرىش كېرەك. دۇنيا مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا،
بۇنداق مۇقەددەس پادىشاھلارنى ئۆلتۈرۈش ئادىتى ئاف-
رىقىدا كەڭ تارقالغان. مەسىلەن، نىل دەرياسى بويىدىكى
شىلۇكلاردا مۇنداق ئېتىقاد بار: سېلىگمەننىڭ تەكشۈرۈشى-
چە، يەرلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ پادىشاھى چوقۇم كېسەل
بولۇپ قالماسلىقى ياكى ئۆلۈپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئۇنىڭ
كۈچ-قۇۋۋىتىنىڭ چېكىنىشكە ئەگىشىپ، مال-چارۋىلارغا
زىيان يېتىدۇ، ئاۋۇمايدۇ، زىرائەتلەرمۇ يەردىلا سېسىپ
كېتىدۇ، كىشىلەرمۇ ئوخشاشلا كېسەلنىڭ ئازابىدا قىينىلى-
دۇ، كۈچ-قۇۋۋەت چېكىنگەنلىكىنىڭ بىر ئاساسىي ئالامى-
تى شۇكى، ئۇ ئاياللىرىنىڭ جىنسىي تەلەپلىرىنى قاندۇرال-
مايدۇ دەپ قارايدۇ. ئەمما بەزى مىللەتلەر ئۆزلىرى ۋە
دۇنيانىڭ بەختەرلىكى ھەم گۈللىنىشكە كاپالەتلىك قىلىش
ئۈچۈن، ھەتتا پادىشاھنىڭ كېسەل بولۇشىنى ساقلىماستىن،
بەلكى ئۇ ياش، كۈچلۈك ۋاقتىدىلا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتى-
دۇ. ئۇلار پادىشاھ بىلەن بىر ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىنى
(بۇنداق مۇددەت ھەمىشە ناھايىتى قىسقا بولىدۇ) بېكىتى-
دۇ. مۇددەت توشقاندا پادىشاھمۇ چوقۇم ئۆلىدۇ. مەس-
لەن، ھىندىستاننىڭ جەنۇبىدىكى بەزى جايلاردا بۇ
مۇددەت 12 ئاي قىلىپ بېكىتىلگەن. فرازېر «ئورمانلىق
پادىشاھى»نىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن «مۇقەددەس پادى-
شاھ»نى ئۆلتۈرۈش ئادىتىنى لوگىكىلىق بافلاپ چۈشەن-
دۈرگەن. بۇ ئاپتور «ئالتۇن شاخ»تا چۈشەندۈرگەن ئا-
ساسلىق مەسىلەرنىڭ بىرى. شۇنىڭ بىلەن فرازېر دۇنيا-
نىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدى-
غان فولكلور مىساللىرىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق نېمىدى-
كى كاھىننىڭ تەقدىرىنىڭ بىر خىل ھەقىقىي قەدىمىي مە-
دەنىيەت ھادىسىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش مەقسىتىگە
يەتتى.

ئەڭ ئاخىرقى بىر مەسىلە، ھېلىقى قېچىپ كەتكەن
قۇل نېمىدىكى مۇقەددەس دەرەخنى قوغداشتا «كاھىن
شاھ» بىلەن ئېلىشىشتىن بۇرۇن، نېمە ئۈچۈن چوقۇم
«ئالتۇن شاخ»نى سۇندۇرۇشى كېرەك؟ فرازېر شىمالىي
ياۋروپا ئەپسانىلىرىدىن بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىر ھېكايە-
نى تاپقان. ئۇ بولسىمۇ تەڭرى ئودىن (Odin)نىڭ ئوغلى
نۇر ئىلاھى بالدېر (Balder)نىڭ تەقدىرى ھەققىدىكى ھې-
كايە. ئۇ بىر چۈش كۆرىدۇ، چۈشىدە ئۆلۈپ كېتىدىغانلى-
قىدىن بېشارەت كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئانىسى مۇھەببەت ئىلاھە-
سى فېلشى ئۆزىنىڭ ئوغلىنىڭ ساق-سالامەتلىكى ۋە تىنچ-
ئامانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، بالدېرغا زىيان-زەخمەت
يەتكۈزمەسلىك ھەققىدە كائىناتتىكى بارلىق شەيئى ۋە
مەۋجۇداتلارنى قەسەم بەرگۈزىدۇ. بارلىق شەيئىلەر ۋەدە
بېرىدۇ، ئەمما ھەسەل مەيۈزەك (دۇب پارازىتى) قەسەم
بەرمەيدۇ. كېيىن ئوت ئىلاھى لوكى (Loki) بۇ ئىشنى
بىلىپ قالىدۇ. ئۇ ھەمىشە بىمەنە چاقچاق قىلىشقا ئامراق
بەتقىلىق بىر نېمە ئىدى. بارلىق ئىلاھلار بالدېرغا ھېچ-
قانداق زىيانكەشلىك قىلماسلىققا ۋەدە بېرىپ خۇشاللىق
بىلەن ئۇنىڭغا چاچقۇ چېچىۋاتقان پەيتتە، لوكى ئىككى
كۆزى كور بولۇپ قالغان قاراڭغۇ-زۇلمەت ئىلاھىنىڭ قو-
لىغا ھەسەل مەيۈزەكنى سېلىپ قويۇپ، ئۇنى بالدېرنىڭ
تېنىگە تاشلىغۇزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نۇر ئىلاھى مۇشۇنداق
ئۆلتۈرۈلىدۇ، بارلىق ئىلاھلار قاتتىق ئازابلىنىپ، ئوتتۇن
دۆۋىلەپ، بالدېرنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئا-
يالى كۆز ئالدىدىكى بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ يۈرەك-
باغرى پارە-پارە بولىدۇ. ئىلاھلارمۇ بۇ ئايالنى ئۇنىڭ

ئېرى بىلەن بىللە كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىدۇ. فرازېر بۇ ھې-
كايىدىن بىر نۇر ئىلاھىنىڭ كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىنىشىنىڭ
ئۆزىدىلا سىھرىي مەنە بار، ئۇنىڭ مەنىسى دەل ئۇنىڭ
ئالدىنى ئېلىشچانلىقىدا، يالقۇن بارلىق خەتەرلىك جانلىق
مەۋجۇداتلاردىكى ماددىي ۋە روھى ناپاك نەرسىلەرنىڭ
ھەممىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ دەپ قارايدۇ؛ ئىككىنچى-
دىن، ھەسەل مەيۈزەكنىڭ ئۆزى. فرازېر يەنە ئىپتىدائىي
ئىنسانلاردىكى جېنىنى ئۆزىدىن باشقا نەرسىدە ساقلاش
قارىشىغا كېڭەيتىدۇ. ھەممە نەرسە خارابلىشىدىغان زېمىس-
تان قىشتا، پەقەت ھەسەل مەيۈزەكلا دەل-دەرەخلەر ئا-
رىسىدا بۈك-باراقسان ياشىرىپ تۇرىدۇ. ئىپتىدائىي ئىن-
سانلار، ئېھتىمال، مۇشۇ مەنزىرە ئارقىلىق، دەل-دەرەخ-
لەرنىڭ جېنىنى ھەسەل مەيۈزەكتە ساقلىغانلىقىغا ئىشەنگەن
بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن فرازېرمۇ ناھايىتى ئەتراپ-
لىق ۋە سىستېملىق قىلىپ مۇنداق يەكۈن چىقارغان:
ھەسەل مەيۈزەكنىڭ شېخىنى سۇندۇرۇش ئۇ تېنىدە ساق-
لىغان ئاشۇ مۇقەددەس دەرەخلەرنىڭ جېنىنى ئىگىلىگەن-
لىك بىلەن تەڭ. قېچىپ كەتكەن قۇلنىڭ دەرەختىكى
ھەسەل مەيۈزەكنى سۇندۇرۇشى ھېلىقى «كاھىن
شاھ»نىڭ روھىنى ئىگىلىگەنگە باراۋەر. شۇڭا «كاھىن
شاھ» ئۇ قوغدىغان مۇقەددەس دەرەخ بىلەن ئوخشاش،
شۇنىڭ بىلەن بىللە، قېچىپ كەتكەن قۇل مۇۋەپپەقىيەتلىك
ھالدا مۇقەددەس دەرەختىكى روھنى ئۆزىنىڭ تېنىگە
ئېلىپ كىرگەنگە باراۋەر. ئورمانلىق پادىشاھى دەرەخ ئى-
لاھىنىڭ ئۆزى. ئەگەر ئاشۇ دەرەخ دۇب دەرىخى بولسا،
ئورمانلىقتىكى پادىشاھ چوقۇم دۇب دەرىخى روھىنىڭ مۇ-
جەسسىمى. ھەسەل مەيۈزەك — ئالتۇن شاخ — دۇب
دەرىخىنىڭ ھاياتلىق مەركىزى قىلىنغان، دۇب دەرىخىنى
زەخمىلەندۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ھەسەل مەيۈزەك-
نى كېسىپ تاشلاش كېرەك. ئۇ دەرەخ ئىلاھىنىڭ يۈرىكى-
گە سىمۋول قىلىنغان. دۇب دەرىخىنىڭ جېنى، ھايات-ما-
ماتى ئاشۇ دۇب دەرىخىدە ئۆسۈۋاتقان ھەسەل مەيۈزەك-
كە ھاۋالە قىلىنغان. پەقەت ھەسەل مەيۈزەك ساق-
سالامەت بولسىلا بالدىرغا ئوخشاش ئۆلمەيدۇ. شۇڭا
ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن چوقۇم ھەسەل مەيۈزەكنى سۇن-
دۇرۇش كېرەك ھەمدە بالدىرنى ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاش
سۇندۇرۇلغان ھەسەل مەيۈزەكنى قورال قىلغاندىلا،
ئاندىن ئۇنى ئۆلتۈرگىلى بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا ئەپسا-
نىدە دېيىلگەن ئالتۇن شاخنى سۇندۇرغاندىلا، ئاندىن
ئورمانلىق پادىشاھىنى ئۆلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشى-
نىش تەس ئەمەس. فرازېر روھنى باشقا يەردە ساقلاش
قارىشى توتېم ئېتىقادى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك دەپ قا-
رايدۇ. ئۇنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ئومۇمەن توتېم
تۈزۈمى بارلىكى جايلارنىڭ ھەممىسىدە روھنى مەڭگۈ
ئۆز تېنىنىڭ سىرتىدا — ھايۋان، ھاشارات، ئۆسۈملۈك
ياكى باشقا نەرسىلەردە — ساقلاش ئېتىقادى مەۋجۇت.
نېمىشقا ئۇلار روھنى باشقا يەردە ساقلايدۇ؟ ئۇلار رو-
ھنى باشقىلار بىلمەيدىغان، مۇتلەق بىخەتەر جايلاردا
ساقلىسا، ئۆز تېنىدە ساقلىغاندىنمۇ بەكرەك بىخەتەر بولى-
دۇ دەپ قارىغان. بۇنداق قاراش دۇنيادىكى نۇرغۇن مىل-
لەتلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدا ساقلىنىپ قالغان. ھەرقايسى
مىللەتلەرنىڭ خەلق ھېكايىلىرىدە ئادەمنىڭ جېنىنى ئۆز تې-
نىدىنمۇ بىخەتەررەك يەردە ساقلىشى جېنىنى شۇ يەردە
ئۇزاق مەزگىل ساقلاپ باشقىلارنىڭ تەسرى ۋە زىيان-
كەشلىكىگە ئۇچرىماسلىق ئۈچۈن دەپ چۈشەندۈرۈلگەن.
كىشىلەر تىنچلىقتا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلالىغاندا ياكى
خەۋپ-خەتەر ئۆتۈپ كەتكەندە ئاندىن ئۇنى قايتۇرۇپ
كېلىدۇ ۋە ياكى ئۇنى مەڭگۈ شۇ يەردە ساقلايدۇ.
ھەسەل مەيۈزەك — يەنى ئالتۇن شاخ نېمىدىكى كاھىن
شاھ ئۆزىنىڭ جېنىنى ساقلايدىغان بىخەتەر جاي. فرا-
زېرنىڭ مۇراسىم ئادەتلىرىنى چۈشەندۈرۈش قارى-
شى ۋە ئۇسۇلى ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى جېين خاررىسون
(Jane Ellen Harrison) تەرىپىدىن كېڭەيتىلىپ، كېيىنكى
ئەپسانە-مۇراسىم ئېقىمىغا تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. بۇ ئېقىم
ئەپسانىنى مۇراسىمغا باغلاپ چۈشەندۈرۈپ، ئەپسانىلەر-
نىڭ مەنىسى ئۇنىڭ مۇراسىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە
مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ دەپ قارىدى. فرازېرنىڭ ئەپسا-
نە، مۇراسىملارنىڭ ئىجتىمائىي رولى ھەققىدىكى قاراشلى-
رى مالىنوۋىسكىي بىلەن رادېكلىف براۋۇنغا ئىلھام
بولدى، ئۇلار پەقەت مەدەنىيەت مۇھتى بىلىملىرىنى
پىششىق بىلگەندىلا ئاندىن مەلۇم بىر مەدەنىيەتنى چۈ-
شەنگىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشەندى، شۇڭا ئۇلار ئىنسانلار
مەدەنىيىتىنى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولى نۇقتىسىدىن تەتقىق
قىلىپ، مەدەنىيەت تەتقىقاتىدىكى فۇنكسىيە ئېقىمىنى بارلىققا



MIRAS

كەلتۈردى.

سىر ئىدمۇند لىچ 1985 ـ يىلى 2 ـ ئايدا مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقىدىكى مۇقەددەس جاي نېمىنى زىيارەت قىلدى. ئۇ بۇ قېتىملىق زىيارەتتىن كېيىن، «نېمى زىيارىتى ھەققىدە ئويلىنىش: فرازېر خاتالاشتىمۇ؟» دېگەن ماۋزۇدا بىر قىسقا ماقالە يازغان. ئۇ بۇ يازمىسىدا، بۇ قېتىملىق زىيارىتىدىكى ھەيران قالارلىق بىر بايقاشنى ئوتتۇرىغا قويغان. نېمى فرازېرنىڭ: «ئالتۇن شاخ»نىڭ 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ تومىلىرىدا تەسۋىرلىگىنىدەك ئۇنداق ئۇنۇمسىز، قاقاس جاي بولماستىن، ئەكسىچە بىر مۇنبەت، بايلىقى مول يەر ئىكەن. رىم ھۆكۈمرانى دوداۋىي بۇ جاينىڭ بايلىقلىرىنى ھەربىي خىراجەت ئۈچۈن ئىشلىتىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن. بۇ قېتىملىق زىيارەت ئارقىلىق لىچ پۈتۈنلەي بىر ئەقىلگە ئۇيغۇن جاۋابنى تاپقان: دىئاننا ئىبادەتخانىسى رىم دەۋرىدە ئىتالىيەدىكى بىر كاتتا تاۋاپگاھ بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئەڭ باي ئىبادەتخانىلارنىڭ بىرى ئىدى. كاھىننىڭ پادىشاھلىق ئورنىنى تارتىۋېلىش بىلەن ئىتالىيەدىكى ئەڭ باي ئىبادەتخانىدىكى پۈتۈن بايلىققا ئىگە بولغىلى بولاتتى. فرازېر بۇ ھەرىكەتنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك تەرىپى بولغان — ئىقتىسادنىڭ ئىنسانلار ھەرىكىتىنىڭ تۈپ مەقسىتى ئىكەنلىكىگە سەل قارىغان. شۇڭا لىچ كاھىن پادىشاھنىڭ ئورنىنى «تارتىۋېلىش»نى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ «سېھرگەرلىك دىن پەن» يۆنىلىشىدە تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشىنى چۈشەندۈرۈشنىڭ ئاساسى قىلىش مۇۋاپىق بولمايدۇ دەپ قارىغان. فرازېر «ئالتۇن شاخ»تا ھەققەتەن سىر ئىدموندلىچ ئويلىغاندەك كاھىن پادىشاھنىڭ ئورنىنى تارتىۋېلىش ھەرىكىتىنىڭ تۈپ مەقسىتىنى چۈشەندۈرۈش جەھەتتە خاتالاشقانمۇ؟ ئەمەلىيەتتە، لىچ ئوتتۇرىغا قويغان «ئەقلىي» چۈشەندۈرۈشتە، ئىقتىساد دېتېرمىنىزمى («ئىقتىساد ھەممىنى بەلگىلەيدۇ نەزەرىيەسى»نىڭ) غەرىزى بار. ئۇنىڭدىن باشقا، «غەيرىي ئەقلىي ئېتىقاد» «ماھىيەتلىك ئىقتىساد» بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرامدۇ-يوق؟ ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىككى ئوخشاش بولمىغان دەۋردە ياشىغان داڭلىق ئىنسانشۇناسلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىشنىڭ مۇنداق ئامالى بار: «ماھىيەتلىك ئىقتىساد»نىڭ ئۆزى سىمۋول نەزەرىيەسى. بىز لىچنى بىر ئىقتىساد دېتېرمىنىزمچىسى دەپ ھۆكۈم قىلالمايمىز. لىچ ئۆزى سىمۋول ئىنسانشۇناسلىقىدىكى بىر كۆچلۈك شەرھلىگۈچىسى. لىچنىڭ گۇمانىنى پۈتۈنلەي ئورۇنسىز دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ گۇمانىنىڭ سەۋەبى بار. بىز ئۇ كۆرسەتكەن «ئىقتىساد» (بايلىق) ئامىلىغىمۇ دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. كاھىن پادىشاھنىڭ ئورنىنى تارتىۋېلىش ھەرىكىتىنى چۆرىدەپ مۇلاھىزە يۈرگۈزسەك مۇنداق ئىككى خىل تارىخىي پاكىت كۆز ئالدىمىزدا زاھىر بولىدۇ: بىرى، دىئاننا ئىبادەتخانىسىدىكى «بايلىق»نىڭ ئۆزى كاھىن پادىشاھنىڭ يادرولۇق ئامىلى، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قايتا ئىشلەپچىقىرىشىغا كاپالەتلىك قىلىش مۇقەددەس پادىشاھنىڭ ۋەزىپىلىرىدىن بىرى. يەنە بىرى، «بايلىق» بىلەن «مۇقەددەس پادىشاھ»نىڭ مۇناسىۋىتى بىر خىل مۇقەررەرلىك ئەمەس، بەلكى بىر تاسادىپىيلىق بولۇشى مۇمكىن. نېمىدىكى دىئاننا ئىبادەتخانىسى ھەققىدىكى مىسالدىن بۇ مۇناسىۋەتنى كۆرۈۋالالايمىز. ئېھتىمال، «مۇقەددەس پادىشاھ»نىڭ ئۆزىدىكى بارلىق ئامىللار، باشقا جەمئىيەت، مەدەنىيەتتە، باشقا تارىخىي مەزگىللەردە مۇقەددەس پادىشاھ بىلەن «ئىقتىساد» ئوتتۇرىسىدا مۇقەررەر باغلىنىشنىڭ بولۇشى ناتايىن. ئۇنداقتا، زادى قايسى خىل ئەھۋال پاكىتقا ئەڭ يېقىن كېلىدۇ؟ بۇ مەسىلىنىمۇ مەخسۇس مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ. «مۇقەددەس پادىشاھ» پەقەت ئىنسانشۇناسلىقلا كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە ئەمەس، ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدا بۇرۇن كەڭ مەۋجۇت بولغان بىر خىل تۈزۈم شەكلى. ئەمما ئىنسانشۇناسلار بىلەن سىياسىيونلارنىڭ بىر پەرقى، ئۆز مەدەنىيىتىگە يات مەدەنىيەتنىڭ كۆزى بىلەن قايتا قاراپ چىقىشنى خالاش-خالىماسلىقتا. «پادىشاھلىق ھوقۇق»تىن ئىبارەت بۇ سىياسەتشۇناسلىق ئېقىمىدا فرازېر ماكياۋېللىيچە ھۆكۈمرانلىق شەكلىگە، ئوچۇقتىن-ئوچۇق زوراۋان ھۆكۈمرانلىق ۋە سىنىپلار ئارا ئېكسپىلاتاتسىيە، رېئال پاكىتقا دىققەت قىلماسلىققا قارشى. ئۇ بۇ كىتابىدا ئىنسانشۇناسلارنىڭ سىياسىيونلار سەل قارىغان، زوراۋانلىق ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قاتارلىق پاكىتلار ئارقىسىدا ھەقىقىي مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان «مەدەنىيەت سەۋەبى»گە دىققەت قىلغان. خۇددى فرانسىيەلىك قۇرۇلما ئىنسانشۇناسى لۇك دې خېئۇسچ (Luc de Heusch) «ئۇ (فرازېر)نىڭ ئەنگلىيەدىكى ئىز باسارلىرى مالىنوۋسكىيغا

بولغان ھېرىسمەنلىكىدىن ۋاز كېچىپ، فرازېرنىڭ «مۇ-
قەددەس پادىشاھلىق ھوقۇق» ھەققىدىكى ئەندىزىسىنى
ئىنچىكىلىك بىلەن قايتىدىن تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە ئەرزىي-
دىغانلىقىنى تونۇپ يېتەلمىدى» دېگەنىدى.

فرازېر پەرھىز ھەققىدىمۇ كۆپ مىقداردا ماتېرىيال
توپلىغان بولۇپ، ئۇ پەرھىزلەرنى ھەرىكەت پەرھىزلىرى،
ئادەمگە مۇناسىۋەتلىك پەرھىزلەر، نەرسىگە مۇناسىۋەتلىك
پەرھىزلەر ۋە تىل پەرھىزلىرى دەپ تۆت چوڭ تۈرگە
بۆلگەن. ئۇ نۇرغۇن ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق بۇ پەر-
ھىزلەرنىڭ ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسى يوقلۇقىنى ئىسپاتلى-
غان. ئۇ پەرھىزنىڭ كېلىپ چىقىش زۆرۈرىيىتى ھەققىدە
مۇنداق لوگىكىلىق يەكۈن چىقىرىدۇ: ئەگەر ئالاھىدە
ھەرىكەت ــ قىلىقنىڭ ئاقىۋىتى ئىنسانغا نىسبەتەن خاپى-
لىق ۋە خەتەر ئېلىپ كەلسە، ئۇنداقتا ئىنسان تەبىئىي رە-
ۋىشتە ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۇنداق ھەرىكەتنى
قىلماسلىقى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا بۇنداق ئاقىۋەتتىن
ساقلانغىلى بولىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىنسان ئۆزى-
نىڭ سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى خاتا بىلى-
شى ئاساسىدىكى خاتا ئىشەنچ-ئېتىقاد بويىچە ئاپەت كەل-
تۈرىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقى كېرەك. قىسقىچە قىلىپ
ئېيتقاندا، ئىنسان ئۆزىنى پەرھىزگە بويسۇندۇرۇشى
كېرەك. فرازېر پادىشاھلارغا مۇناسىۋەتلىك پەرھىزلەرنى
چۈشەندۈرگەندە مۇنداق مىساللارنى ئالىدۇ: پادىشاھ
تاماق يېگەندە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئادەم ياكى ھاي-
ۋانلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن پەرھىز قىلىش كېرەك. پادى-
شاھ يەپ ئېشىپ قالغان تاماقلارنىڭ سېھرگەرلەرنىڭ قو-
لىغا چۈشۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇلارنىڭ بۇ ئار-
قىلىق پادىشاھنىڭ جېنىغا قەست قىلىدىغان ئەپسۇنلارنى
ئوقۇپ جادۇ قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇلارنى كۆمۈ-
ۋېتىش كېرەك. فرازېر يەنە قەبىلە باشلىقى ۋە پادىشاھ-
لارنىڭ قېنى، بېشى، چېچى، تىرنىقى ۋە تۈكۈرۈكلىرىگە
مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن پەرھىزلەرنى مىسال كەلتۈرىدۇ.
فرازېر بۇ ھەقتە تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:
«ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ بەدىنىنىڭ ھەرقايسى
بۆلەكلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ تېگىشىش ۋە ئۇچرىشىش
مۇناسىۋىتىنىڭ بولىدىغانلىقىغا، يەنى بىرەر بۆلەك بەدەن-
دىن ئايرىلىپ كەتسە، بۇ خىل تېگىشىش ۋە ئۇچرىشىش
مۇناسىۋىتىنىڭ يەنىلا ساقلىنىپ قالىدىغانلىقىغا، بۇ بۆلەكلەر
مەسىلەن، كېسىلگەن چاچ، قىيىلغان تىرناقلار ناۋادا زىيان-
زەخمەتكە ئۇچرىسا، ئۇنداقتا بەدەننىڭ ئۆزىمۇ زىيانغا
ئۇچرايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇڭا ئۇلارنى ئاسان زىيانغا
ئۇچرايدىغان جايلارغا تاشلىۋەتمەيتتى ياكى ئۇلارنىڭ
يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، سېھىر
ئارقىلىق ئۆزلىرىگە زىيان يەتكۈزۈشىگە دىققەت قىلاتتى.
بۇنداق خەتەر ھەممە ئادەم ئۈچۈن ئوخشاش بولۇپ، بو-
لۇپمۇ مۇقەددەس كىشىلەر بۇنىڭدىن تېخىمۇ قورقاتتى.
ئۇلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرى تېخىمۇ قاتتىق
بولاتتى.» فرازېر نۇرغۇن ئوخشىشىپ كېتىدىغان خۇراپات-
لىق سىستېمىسىدا پەرھىزنىڭ بىردىنبىر ھەر خىل مۇرەك-
كەپ تەشكىلاتلارنى قۇرۇشتا تۆھپىسى بار، بۇ تەشكىلات-
لار ھەر تۈرلۈك شەكىللەرگە ئىگە بولۇپ، ئۇلار دىنىي،
ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئەخلاقىي ۋە ئىقتىسادىي شەكىللەر-
دىكى تەشكىلاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دەپ قارايدۇ.
فرازېر ئۆزىنىڭ پەرھىز ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرىدىن
مۇنداق خۇلاسە چىقىرىدۇ: ئەينى دەۋردىكى جەمئىيەت
پەرھىزلەردىن پايدىلىنىپ، مال-مۈلۈك ۋە ھوقۇقنىڭ پار-
چىلىنىشىنى ئېلگىرى سۈرگەن، نىكاھنىڭ مۇقەددەسلىكىگە
بولغان ئېتىقادىنى ساقلىغان، مەدەنىيەتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلى-
شىگە بىۋاستە تەھدىت سالغان. پەرھىز قانۇن بىلەن ئەخ-
لاقنى ئۇلاشتىن پەيدا بولغان ئالتۇن مېۋە، ئانىلىقى تەد-
رىجىي ئاجىزلاپ، ئاممىباب خۇراپاتلىققا ئايلىنىپ شاكىلى
قېپقالغان. بۇ خۇراپاتلىق بۈگۈنكى كۈندە يەنىلا تۆۋەن
قاتلام جەمئىيەت كىشىلىرى ئېھتىياجلىق بولغان ئاشلىق،
فرازېر پەرھىز تەتقىقاتىنى نىسبەتەن بالدۇر باشلىغان.
فرازېر پەرھىز ئۇقۇمىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، بۇ
ھەقتىكى تەتقىقات ۋە مۇھاكىمىلەر توختىمىدى، فرازېرنىڭ
سېھرگەرلىك بىلەن دىنىنىڭ ماھىيىتىگە بولغان ئۆزگىچە
قاراشلىرى ئادەمنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ، فرازېر ئۆزىنىڭ
ھەر خىل ماتېرىياللار ئاساسىدا ئېرىشكەن پاكىتلىرىغا ئا-
ساسەن سېھرگەرلىك دىنىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ، دېگەنني
تەشەببۇس قىلغان. فرازېر دېگەن دىن تەبىئەت ۋە ھاياتقا
يېتەكچىلىك قىلالايدۇ ۋە كونترول قىلالايدۇ دەپ قارىلى-
دىغان تەبىئەتتىن ھالقىغان كۈچنىڭ رايىغا بېقىش ۋە كۆڭ-
لىنى ياساشنى كۆرسىتىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، دىن نەزەرىيە

ۋە ئەمەلىيەتتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تەرەپنى ئۆز ئىچە-
گە ئالىدۇ. دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچكە ئېتىقاد قىلىش
ھەمدە ھەر خىل دىنىي ھەرىكەتلەر بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىگە
يېقىش ۋە غەزىپىنى بېسىشتۇر. بۇ ئىككىسىدە ئېنىقكى ئې-
تىقاد ئالدىدا، چۈنكى چوقۇم ئىلاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئى-
شەنگەندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئۇ
ئەڭ ئىپتىدائىي كىشىلەر قىلىدىغان سېھرگەرلىك مۇراسە-
مى دەپ قارىلىدىغان مۇراسىملار ھەققىدىكى ماتېرىياللار-
نى توپلايدۇ. ئەڭ ئىپتىدائىي ۋارۋارلاردا سېھرگەرلىك
ئومۇميۈزلۈك كەڭ تارقالغان. ئىنسانلار مەدەنىيىتىدە
ماددىي جەھەتتە ھەممە يەردە تاش قوراللار دەۋرى بولغە-
نىغا ئوخشاش ئەقىل- پاراسەت جەھەتتە ھەرقايسى جايلار-
دىمۇ سېھرگەرلىك دەۋرى بولغان ھەمدە ھەر بىر جايدا
سېھرگەرلىك دەۋرى دىن دەۋرىدىن بالدۇر بولغان دەپ
يەكۈن چىقارغان. فرازېرنىڭ بۇ يەكۈنى كېيىن نۇرغۇن ما-
تېرىياللار ۋە تەتقىقاتلار تەرىپىدىن ئىنكار قىلىندى. فرازېر
ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئەڭ دەسلەپتە ئالەمنى تەبىئەتتىن ھال-
قىغان سىرلىق كۈچلەر تىزگىنلەپ تۇرىدۇ دەپ ئىشەنگەن.
سېھرگەرلىك دەل ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئاشۇ خىل
سىرلىق كۈچلەرنى تىزگىنلەشنى مەقسەت قىلىپ ئېلىپ
بارغان پائالىيەتلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن. كېيىنچە كى-
شىلەر بۇ سىرلىق كۈچلەرنىڭ كۈچىدىن گۇمانلانغان ۋە
ئالەمنى ئادىمىي خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغان ئىلاھلار
تىزگىنلەيدىكەن، دەيدىغان چۈشەنچىگە كەلگەن. شۇنىڭ
بىلەن ئىنسانلار تەدرىجىي ھالدا بۇ ئىلاھلارغا تېۋىنىپ
نەزىر- چىراغ ئۆتكۈزۈش، چوقۇنۇش، دۇئا- تىلاۋەت
قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ياردىمى ۋە قوغدىشىغا ئېرى-
شىشنى ئۈمىد قىلغان. مۇشۇ خىل كۆز قاراشنىڭ تەسىرىدە
دىن شەكىللەنگەن. فرازېر «ئالتۇن شاخ»نىڭ «نېمە
بىلەن خوشلىشىش» دېگەن بابىدا: «ئايرىلىشتىن
بۇرۇن، بىز يەنە ئۆزىمىزدىن سوراپ باقايلى: تېخىمۇ ئو-
مۇميۈزلۈك خۇلاسە چىقىمۇ- يوق، بۇ كىتابتا ئىخلاس
بىلەن تەتقىق قىلىنغان ئىنسانلارنىڭ نادانلىقى، نۇقسانلى-
رى ۋە كىشىنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدىغان سەرگۈزەشتىلە-
رىدىن ئىلگىرىلەشكە پايدىلىق بەزى ئۈمىد ۋە ئىلھاملار-
نى ئالغىلى بولامدۇ- يوق؟ ئەگەر ئويلاپ باقساق، بىر
جەھەتتىن، قاچان، قەيەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئادەمە-
نىڭ ئېھتىياجى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.
يەنە بىر جەھەتتىن ئوخشاش بولمىغان دەۋردىكى كىشىلەر
قوللانغان تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۇسۇللىرىدى-
كى پەرقلەر يەنە ناھايىتى زور بولىدۇ. بىز ئېھتىمال
مۇنداق بىر يەكۈننى چىقىرالىشىمىز مۇمكىن: ئىنسانلارنىڭ
نىسبەتەن يۇقىرى دەرىجىلىك ئىدىيە پائالىيىتى، بىز كۆرە-
لەيدىغان دائىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئومۇمەن سېھر-
گەرلىكتىن دىنغا تەرەققىي قىلغان، يەنە بىر قەدەم ئىلگىرى-
لەپ پەندىكى بۇ بىر قانچە باسقۇچقا كەلگەن. سېھرگەر-
لىك ئىدىيە باسقۇچىدا ئادەم ئۆز ۋۇجۇدىدىكى كۈچكە تا-
يىنىپ قاتمۇقات جاپا- مۇشەققەت ۋە خەۋپ- خەتەرلەرگە
تاقابىل تۇرغان. ئۇ تەبىئەت دۇنياسىدا مۇئەييەن بېكىتىل-
گەن تەرتىپ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن، چوقۇم ئۇنىڭغا ئى-
شەنسە، ئۇنىڭدىن پايدىلانسا، ئۇنى ئۆزىنىڭ مەقستى
ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرسا بولىدۇ دەپ ھېس قىلغان. ئۇ
ئۆزىنىڭ خاتالاشقانلىقىنى بايقىغان ۋاقىتتا، ئۇ تەبىئەت
تەرتىپى ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىقتىدار-
دىكى ساپلىقنى باشقۇرالايدىغان خام خىيال ئىكەنلىكىنى
قايغۇلۇق ھالدا تونۇپ يەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقىل- پاراسە-
تى ۋە تەنھا، ياردەمسىز تىرىشچانلىقىغا تايانماي، كەمتەر-
لىك بىلەن تەبىئەت پەردىسى ئارقىسىدىكى مەلۇم بىر
ئۇلۇغ، ئەمما كۆرگىلى بولمايدىغان ئىلاھنىڭ ئىلتىپاتىغا
بېقىندى ھەمدە ئىلگىرىكى تەلۋىلەرچە ئۆزىگە مەنسۇپ
دەپ قارىغان زور ئىقتىدارلارنىڭ ھەممىسىنى تەڭرىگە
مەنسۇپ دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىدىيەسى نىسبەتەن
ئۆتكۈر كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە، دىن تەدرىجىي سېھرگەر-
لىك ئىدىيەسىنىڭ ئورنىنى ئالدى، دىن تەبىئىي ھادىسىلەر-
نى داۋاملىق ماھىيەتتە ئادەمگە ئوخشايدىغان، ئەمما ئىق-
تىدارى كىشىلەرنىڭكىدىن چەكسىز ھالقىپ كەتكەن
ئىلاھنىڭ ئىرادىسى، ئىلاھنىڭ ھېسسىياتى ياكى ئىرادىسى
بەلگىلىگەن دەپ چۈشەندۈردى» دەيدۇ. سېھرگەرلىك،
بارلىق خاراكتېرگە ئىگە ئوبيېكتلار ــ ئادەم ياكى ئىلاھ
بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ــ ئاخىر ھامان ئاشۇ ھەممىنى
كونترول قىلىپ تۇرۇۋاتقان دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچكە
تەۋە دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. ھەرقانداق ئادەم پەقەت مۇۋا-
پىق مۇراسىم ۋە ئەپسۇننى بىلسىلا بۇ خىل كۈچنى تىز-
گىنلىيەلەيدۇ، ئۇنىڭدىن داۋاملىق پايدىلىنالايدۇ، دەپ

قارايدۇ. ئۇ سېھرگەرلىك بىلەن دىننىڭ پەرقى ھەققىدە توختىلىپ: «سېھرگەرلىك مەلۇم تېخنىكىلىق ھەرىكەتلەر ئارقىلىق تەبىئەت ۋە بارلىق تاشقى دۇنيادىكى شەيئىلەرنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇنسا، دىن مەلۇم مۇراسىم، نەزىر-چىراغ قاتارلىقلار ئارقىلىق ئىلاھنىڭ ئىلتىپاتى ۋە ياردىمىگە ئېرىشىشكە ئۇرۇنىدۇ، ئىككىسىنىڭ پرىنسىپى قارمۇقارشى. دىن بىلەن سېھرگەرلىك ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق پرىنسىپ جەھەتتىكى تۈپكى قارشىلىق تارىختا كاھىنلارنىڭ نېمە ئۈچۈن دائىم سېھرگەرلەرگە بۇنداق رەھىمسىزلەرچە دۈشمەنلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىشىنى چۈشەندۈرۈشكە يېتەرلىك» دەيدۇ.

فرازېر «ئالتۇن شاخ» ناملىق ئەسىرىنى يېزىش ئۈچۈن دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى سېلىشتۇرۇپ چىققان. بۇ مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكى فولكلور بىلەن مۇناسىۋەتلىك. كەڭ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، فولكلور بىر مىللەتنىڭ بارلىق ئەنئەنىۋى ئېتىقادى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. فرازېر سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق «ئالتۇن شاخ»تىكى ھەر خىل ئادەتلەرنى چۈشەندۈرگەن. فرازېر «سېھرگەرلىك»نىڭ 1-تومىدا ئۆزىنىڭ سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: ئىنسانلارنىڭ ئىدىيەسى ئەڭ دەسلەپ يۈزەكى كىشىلىك ھايات پەلسەپىلىرىنى شەكىللەندۈرگەن ۋاقىتتا، نۇرغۇن يۈزەكى ئىختىلاپلارنىڭ تېگىدە بىر تۈپكى ئوخشاشلىق بار ئىدى. چۈنكى بىز نېمىدىكى كاھىنلىق ئورنىغا ئوخشاش بىر خىل ياۋايى ئادەتنىڭ باشقا جايلاردىمۇ ئىزچىل مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرەلىسەك، ئەگەر بىز بۇ خىل ئادەتنىڭ تۈزۈملەرنىڭ تۈرلۈك سەۋەبى بولغانلىقىنى چۈشەندۈرەلىسەك ھەمدە بۇ سەۋەبلەرنىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ئىزچىل كەڭ ۋە ئومۇمىيۈزلۈك رول ئويناپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلىيالىساق، بىز دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بەزى سەۋەبلەر قەدىمكى دەۋردە نېمىدىكى كاھىنلىق ئورنىنى پەيدا قىلغان دېگەن يەكۈننى كەلتۈرۈپ چىقىرالايمىز. بۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئادەتلەرنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مىللەتلەردە ئوخشاشلا مەۋجۇتلۇقى بۇ مىللەتلەرنىڭمۇ بىر ياۋايىلىق باسقۇچىنى بېشىدىن كەچۈرگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنىڭ باشقا مىللەتلەرنىڭكى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ كلاسسىك ئەدەبىياتى ئارقىلىقمۇ ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ. فرازېر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە نۇرغۇن ئېتىقاد ۋە ئەمەلىيەت ھەققىدىكى بايانلار بار. بۇ ھادىسىلەرنى يىراق قەدىمكى زاماندىكى تۆۋەن قاتلام مەدەنىيەتنىڭ قالدۇقى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتىن باشقا ئامال يوق. بىزنىڭ نۆۋەتتىكى خىزمىتىمىز بۇ ياۋايىلىق دەۋرىدىن قېپقالغان قەدىمكى ئادەتلەرنى شەرھلەش ۋە چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت دەپ قارىغان. بۇ سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق فرازېر خىرىستىيان دىنىنىڭ ئاساسىي ئەقىدىسى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىگە قارىتا بىر تەدرىجىي تەرەققىيات تونۇشىغا ئىگە بولدى. مەسىلەن، ئۇ «كونا ئەھدىدىكى ئۆرپ-ئادەتلەر» (Folklore inthe Old Testament) ناملىق كىتابىدا: قابىل (ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋا ئانىنىڭ چوڭ بالىسى) ئىنىسى ھابىلنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، تەڭرى ئۇنىڭغا: «سەن نېمە ئىش قىلدىڭ؟ ئىنىڭنىڭ قېنى يەردىن ماڭا دۇئا قىلىپ ئۆتۈندى. يەر يېرىلىپ قولۇڭدىن ئىنىڭنىڭ قېنىنى قوبۇل قىلدى، ھازىر بۇ يەر سېنى قارغىدى. دېھقانچىلىق قىلساڭ يەر ساڭا ھوسۇل بەرمەيدۇ. سەن چوقۇم زېمىندا سەرسان-سەرگەردان بولىسەن» دېدى. قابىل يەھۋاغا: «ماڭا بەرگەن جازا بەك ئېغىر بولۇپ كەتتى، سەن مېنى بۇ يەردىن قوغلاندى قىلساڭ، مەن چوقۇم زېمىندا سەرسان بولىمەن. ئومۇمەن مېنى ئۇچراتقانلار چوقۇم مېنى ئۆلتۈرىدۇ» دېدى. يەھۋا ئۇنىڭغا ئۇنى ئۇچراتقانلىكى ئادەمنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرمەسلىكى ئۈچۈن بىر بەلگە بەردى، فرازېر زور مىقداردىكى فولكلور پاكىتلىرىنى تەھلىل قىلغاندىن كېيىن، باشقا مىللەتلەرنىڭ رىۋايەتلىرىدە بۇ ھېكايىنىڭ ھەر بىر ۋەقەلىكىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان رىۋايەت ۋە ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭمۇ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ ھەمدە «كۆپلىگەن مىللەتلەر ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ قېنىنىڭ قاتىل ۋە باشقا كىشىلەرگە خەتەرلىك ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. چۈنكى نۇرغۇن جايلاردا ئۇ، ئېھتىمال، يەرگە ۋە زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشىگە زىيان يەتكۈزگەن بولۇشى مۇمكىن» دەيدۇ. فرازېر خىرىستىيان دىنىدىكى قەدىمىي ئادەتلەرنىڭ مەنبەسىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، خىرىستىيان دىنىنى بىر دىندىن خالىي مەيدانغا

قويىدۇ. ئۇ ماكمىلونغا يازغان خېتىدە: «نۇرغۇن ئېيتىدىغان مىللەتلەردىكى ئۆرپ-ئادەت ۋە كۆز قاراشلارنىڭ ئوخشىشىپ كېتىشى خىرىستىيان دىنىدىكى نۇرغۇن ئەقىدىلەرگە قارىتا تەۋرىنىش پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭ تەڭ تەرەققىي قىلىش نەزەرىيەسى ياكى تارقىلىش نەزەرىيەسى ئىكەنلىكىگە ئوقۇرمەنلەر ئۆزلىرى ھۆكۈم چىقارسۇن!» دەيدۇ. تەيلۇر ئىدراكچىلىك مەدەنىيەت مەيدانىدا تۇرۇپ ئەپسانىلەرنى قەدىمكى فولكلوردىكى فانتازىيە قورالى، كېيىنچە ئۇنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ۋە مەنبەسى ئۇنتۇلغان دەپ چۈشەندۇرگەن. بوئاس كەڭ رايونلارغا تارقالغان نۇرغۇن بۇنداق مۇراسىملاردىكى بىردەكلىك ۋە ئەپسانىشۇناسلىقتىكى چۈشەندۇرۇشلەرنىڭ كۆپ خىللىقى شۇنى كۆرسەتتىكى، مۇراسىمنىڭ ئۆزى ئەپسانىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ غىدىقلىغۇچىسى. ئارزۇ-ئارمانلارنىڭ تۈرتكىسىدە توقۇلغان ھېكايىلەر مۇراسىملارنى بايان قىلىدۇ دەپ كۆرسەتكەن. ئەمما فرازېرنىڭ قارىشى تەيلور بىلەن بوئاسنىڭ قارىشىدىن پەرقلىنىدۇ. فرازېر ئەپسانە-مۇراسىم توقۇپ چىققان ئەقلىي چۈشەندۇرۇش ئەمەس، بەلكى ۋەقەلىك ھەققىدىكى بىر ئاددىي بايان دەپ قارايدۇ. فرازېرنىڭ قارىشىچە، كۆپ ساندىكى ئەپسانىلەر مۇراسىم ۋە ئۆرپ-ئادەتلەرنى چۈشەندۇرۇش ئۈچۈن مەيدانغا كەلگەن. ئۇ مىسىرلىقلارنىڭ دەپنە مۇراسىمنى تەھلىل قىلغاندا، ئەپسانىلەرنىڭمۇ مۇراسىم ۋە ئۆرپ-ئادەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنىمۇ ھېس قىلغان. ئومۇمەن ئەپسانە بىلەن مۇراسىمنىڭ ئۆزئارا بىر-بىرىنى چۈشەندۇرۇشى، مۇئەييەنلەشتۈرۈشى بىر خىل ئومۇميۈزلۈك ھادىسە. ئەپسانىلەر بىلەن مۇراسىملارنىڭ مۇناسىۋىتى، ئەپسانىلەرنىڭ ئىجتىمائىي رولى، «ئالتۇن شاخ»تىكى تەتقىقاتلار ئارقىلىق ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. بۇنىڭ فولكلورغا بولغان تەسىرى زور بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا يېڭى قان تولۇقلىدى. ئومۇمەن «ئالتۇن شاخ» ئىنسانشۇناسلار تەرىپىدىن تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسىدىكى تەڭ تەرەققىي قىلىش قارىشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋەكىللىك ئەسىرى دەپ شۆھرەتلەندى. «ئالتۇن شاخ»تا ئاساسلىقى، فولكلور ۋە ئەپسانىلەر تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىنغان بولۇپ، فولكلور ھادىسىلىرىنىڭ بۇنداق چوڭقۇر ۋە كەڭ سېلىشتۇرۇلۇشى فولكلورشۇناسلىققا نىسبەتەن بىر غايەت زور كۈچلۈك بىر ئىلمىي زەربە ھېسابلىنىدۇ، «ئالتۇن شاخ»تا بايان قىلىنغان بەزى تېمىلار فولكلور تەتقىقاتىدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

پايدىلانمىلار:

① [ئەنگلىيە] G.J فرازېر (شۈي يۈشىن، ۋاڭ پېيجى، جاڭ زېيشى تەرجىمىسى): «ئالتۇن شاخ» (خەنزۇچە)، يېڭى دۇنيا نەشرىياتى، 2006-يىل، 9-ئاي، 1-نەشرى.

② James George Frazer: "The Golden Bough _ As tudy In Magic And Religion", China Social Sciences Publishing House Cheng cheng Books LTD.

③ ۋاڭ مىڭمىڭ: «غەرب ئىنسانشۇناسلىقىدىكى داڭلىق ئەسەرلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش» (خەنزۇچە)، جياڭ شى خەلق نەشرىياتى، 2004-يىل 5-ئاي 1-نەشرى، 61 ~71-بەتلەر.

④ مېڭ خۈيىڭ: «غەرب فولكلورشۇناسلىق تارىخى» (خەنزۇچە)، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 2006-يىل 9-ئاي 1-نەشرى، 137 ~ 162-بەتلەر.

(ئاپتور: ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!

سىزنىڭ قوللىشىڭىز بىلەن ژۇرنىلىمىز مۇشۇ كۈنگە كەلدى. شۇنى تەۋەنچىلىك بىلەن سەمىڭىزگە سالىمىزكى 2010-يىلىدىن ئېتىبارەن ژۇرنىلىمىزنى كىتابخانىلارغا سېلىشنى توختاتتۇق. شۇڭا پەقەت مۇشتەرىلىرىمىزلا ژۇرنىلىمىزدىن ھوزۇرلىنىشقا مۇيەسسەر بولالايدۇ. مۇبادا سىز بىزنىڭ سادىق ئوقۇرمىنىمىز بولسىڭىز مۇشۇ گەپنى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭىزغا، ئاغىنە-بۇرادەرلىرىڭىزگە، خىزمەتداشلىرىڭىزغا، يېقىن-يورۇقلىرىڭىزغا يەتكۈزۈپ قويىدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنچىمىز كامىل.



# «ئىسرىق سېلىش» ئادىتىمىزنىڭ ھاياتلىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئېلجان ئىسمائىل

ئۇيغۇرلار ئۆزىگە خاس ئۆرپ- ئادەت ۋە مەدەنـ-
يەت ئەنئەنىسىگە ئىگە بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك
تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا پارلاق ۋە يۈكسەك مىللىي
مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىپ، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە
مۇناسىپ تۆھپە قوشقان. ئۇيغۇرلار مەملىكىتىمىزدىكى
باشقا مىللەتلەرگە قارىغاندا دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە خېلى
مۇرەككەپ سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، دىن
ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى
شەكىللەندۈرگەن. ئۇلار ئۆز تارىخىدا توتېمىزم، شامان
دىنى، زەردۇشت دىنى، بۇددا دىنى، مانى دىنى، خرىستىـ-
يان دىنى ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان.

«ئىسرىق سېلىش» بىر خىل ئادەت خاراكتېرىنى
ئالغان پائالىيەت بولۇپ، ئۇنىڭ چېتىلىش دائىرىسى ناھا-
يىتى كەڭ. ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا خۇشاللىق، قايغۇ- ئەلەم-
لىك كۈنلەر بولسۇن، ئاغرىق- سىلاق، ئۆلۈم- يېتىم، سودا
- سېتىق ئىشلىرى بولسۇن، ئاساسەن «ئىسرىق سېلىش»
ئېلىپ بارىدۇ. «ئىسرىق سېلىش» ئادىتى يالغۇز ئۇيغۇر-
لاردىلا بولۇپ قالماستىن، باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرد-
ىمۇ بار بولۇپ، ئوخشىمىغان شەكىلدە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا چۈشى بۇزۇلۇپ قېلىش، تاسادىپىي ئا-
پەتكە ئۇچراش، ئىقتىسادىي تۇرمۇشى ئوڭۇشسىزلىققا
ئۇچراش، مال- ۋارانلارغا زىيان- زەخمەت يېتىش، ئۆلۈم
- يېتىم، توي- تۆكۈن، ئاغرىق- سىلاق ئىشلىرىدا شۇ ئائە-
لىدىكى ياكى شۇ مەھەللە تەۋەسىدىكى مەلۇم يۈز- ئابرۇيغا
ئىگە بولغان ئايال كىشىنى چاقىرىپ، ئۆيگە ئىسرىق سالد-
ىدۇ. ئەگەر ئىسرىق سالمىسا ياكى نەزىر- چىراغ ئۆتكۈزمىسە،

شۇ ئائىلىگە بالايىئاپەت يېتىدۇ دەپ قارايدۇ، «ئىسرىق سېلىش» قەدىمكى شامانىزمدىن قالغان ئادەت بولۇپ، ئۇ هازىرمۇ ئۆزىنىڭ سىرىنى ساقلاپ كەلمەكتە. ئۇيغۇرلاردا ئۇخشىمىغان شەكىلدە ئېلىپ بېرىلىدىغان «ئىسرىق سېلىش» ئادىتى ناهايىتى كۆپ بولۇپ، بوۋاقلارغا ئىسرىق سېلىش، ئۆي ئىچىگە ئىسرىق سېلىش، مېيىت يۇغان ئۆيگە ئىسرىق سېلىش، يېڭى توي قىلغان قىز-يىگىتكە ئىسرىق سېلىش، چارۋا- ماللارغا ئىسرىق سېلىش، قوتانغا ئىسرىق سېلىش، تاۋار مەهسۇلاتلىرىغا ئىسرىق سېلىش قاتارلىقلار بار، ئۇنداقتا، ئىسرىق سېلىش ئادەتلىرى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ ئېنىق ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇ يەردە ئىنتايىن چوڭقۇر مەنە ۋە ئىنتايىن چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئېتىقاد بار.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئەسلى ئىسلام دىنىدا «ئىسرىق سېلىش» بارمۇ؟ ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىغىلى 1000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئىسلام دىنىنىڭ پەيدا بولغان جايى ۋە باشقا مۇرىتلىرى ئارىسىدا، بۇنداق ئەھۋال يوق. بۇ، نېمە ئۈچۈن؟ ئىسلام دىنىدا پىرىخورلۇق، ئىسرىق سېلىش ۋە باشقا بەزىبىر ئادەتلەر «بىدئەت» ‹دىندىن چەتنەش› دەپ قارىلىدۇ. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلاردا ئىسلام دىنىدا چەكلىنىدىغان ئېتىقاد خاراكتېرىنى ئالغان تۆۋەندىكىدەك ئىسرىق سېلىش ئادەتلىرى مەۋجۇت بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولماقتا.

1. مەخسۇس باللارنى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشنى مەقسەت قىلغان «ئىسرىق سېلىش» ئادىتى. بۇ مەخسۇس يېڭىدىن تۇغۇلغان بوۋاق ياكى نارەسىدە باللار ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان پائالىيەت. بۇ پائالىيەت ئادەتتە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا خېلىلا ئومۇملاشقان بولۇپ، بوۋاق باللار تولا يىغلايدىغان، جۆيلۈپ ئۇخلىيالمايدىغان، قىزىپ كېتىدىغان، ياندۇرىدىغان، كۆز تېگىپ كېتىدىغان، چەتنەپ كېتىدىغان ئەھۋاللاردىن ساقلاش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنداق پائالىيەتنى ئېلىپ بارغاندا، تۆت كوچا ئېغىزىدىن ئەخلەت- چارۋا تېرىپ كېلىپ، ئۇستىگە كېپەك چېچىپ، چوغ سېلىپ ئىس چىقىرىپ، ئەتراپتىكى ئادەملەرگە «كۆزىڭىزنى بېرىڭ»، «ئېغىزىڭىنى بېرىڭ» دەپ ئېغىز ۋە كۆزنى بەرگەن قىياپەتكە كەلتۈرۈپ، ئىسنى بالىغا يەلپۈپ: «كۆزى يامانىڭ كۆزىدىن، ئېغىزى يامانىڭ ئېغىزىدىن ساقلىغايسەن» دەپ دۇرۇت ئوقۇپ، بالىنىڭ ئەتراپىدا ئۈچ قېتىم ئايلاندۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئادراسمان، ئارچا شېخى، سەندەل ياغىچى قاتارلىقلار بىلەن بالىنى ئىسرىقلايدۇ، ئىس ئادەتتە ئوڭدىن- سولغا ئۈچ قېتىم ئايلاندۇرۇلىدۇ، بۇنى چوقۇم ياشانغان ئايال كىشى ئورۇندىشى كېرەك.

2. ئاغرىق داۋالاشنى مەقسەت قىلغان «ئىسرىق سېلىش» ئادىتى. بۇ خىل پائالىيەت مەخسۇس ئاغرىپ قالغان ياكى ئائىلىسىدىكى ئۇرۇق- تۇغقانلار ئارىسىدا ئۇزۇلمەي ئاغرىق- سىلاق ئەھۋالى كۆرۈلگەندە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنداق ئاغرىق- سىلاقتىن ساقلىنىشنى مەقسەت قىلغان «ئىسرىق سېلىش»تا ئادەتتە، پىياز پوستى ئاساس قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كىچىك باللار يۆتىلىپ، يىغلاپ، يىغىسىنى ياندۇرالمىغاندا (يەرلىكتە «كۆك يۆتەل» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل كېسەل)، كۆك تالغى قۇشىنىڭ چاڭگىسىنى ئېلىپ ئىسرىق سالىدۇ، بەزىدە دورا- دەرمەك بىلەن قاينىتىپ ئىچكۈزىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئادراسمان ۋە باشقا خۇش پۇراق ماتېرىياللار، قوي مېيى بىلەنمۇ ئىسرىق سالىدۇ.

3. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىغا ۋە ئۆزلىرىنىڭ چارۋا- ماللىرىغا كەلگەن بالايىئاپەتنى كۆتۈرۈۋېتىشنى مەقسەت قىلغان «ئىسرىق سېلىش» ئادىتى. بۇ مەخسۇس دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىدا ئوڭۇشسىزلىق يۈز بەرگەندە، چارۋا- ماللار ئاغرىپ قالغاندا ياكى ئاپەت يۈز بەرگەندە ئېلىپ بېرىلىدىغان پائالىيەت بولۇپ، ئاساسلىقى چارۋا- مال قوتانلىرى ۋە ئۆي ئىچىگە ئىسرىق سېلىنىدۇ.

4. ئائىلىنىڭ بەخت-تەرلىكى، ئامانلىقنى قوغداشنى مەقسەت قىلغان «ئىسرىق سېلىش» ئادىتى. بۇ ئاساسلىقى چۈشى بۇزۇلۇپ قالغاندا، ئائىلىسى خەۋپ- خەتەرگە ئۇچراپ چۈش كۆرگەندە، ئۆلۈپ كەتكەن ئۇرۇق- تۇغقانلىرى، دوست- بۇرادەرلىرىنى چۈشىدە كۆرگەندە، «ئائىلىمىز خەۋپ- خەتەرگە ئۇچراپ قالمىسۇن، ئەرۋاھلارنىڭ روھى بىزنى تارتىپ كەتمىسۇن» دېگەن مەقسەتتە ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر خىل ئىسرىق سېلىش ئادىتىدىن ئىبارەت.

5. مەخسۇس سودا- سېتىق پائالىيىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى ھەمدە مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازارلىق بولۇشىنى

مەقسەت قىلغان «ئىسرىق سېلىش» ئادىتى. بۇ سودىگەرلەر ۋە دېھقان، چارۋىچىلار ساتماقچى بولغان ماللىرىنى بازارغا ئېلىپ مېڭىشتىن ئاۋۋال ئېلىپ بارىدىغان پائالىيەت بولۇپ، بۇ خىل ئىسرىق سېلىشتا مەخسۇس ھەرە كۇنىكى (ھەرىلەرنىڭ ئۇۋىسى) بىلەن چوغ ئاساس قىلىنىدۇ. ھەرە كۇنىكنى كۆيدۈرۈپ، چىققان ئىسنى بازارغا ئېلىپ ماڭماقچى بولغان مالنىڭ ئەتراپىدا ئۈچ قېتىم ئايلاندۇرۇپ، «بازىرى ئىتتىك بولغاي، خېرىدارى كۆپ بولغاي، يېنىپ كەلمىگەي» دەپ تونۇر بېشىدىن كۇسەينى (ئوت چۇخچىلايدىغان ياغاچ كالتەك) ئېلىپ يىراققا تاشلايدۇ. بۇ خىل ئىسرىق سېلىش ئادىتى ئارقىلىق ئۆز تاۋارلىرىنىڭ بازارلىق بولۇشىدىن ئىبارەت تىلىكىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى تىلەيدۇ.

6. ئۆلۈپ كەتكۈچىنىڭ روھىغا ئاتاپ بېرىلىدىغان ئىسرىق سېلىش ئادىتى. بۇ ئادەتتە ئائىلىدىكى بىر كىشى قازا قىلىپ كەتكەندە ئۆلگۈچىنىڭ مېيىتىنى يۇغان ئۆيگە ئىسرىق سالىدۇ. بۇ ئادەت ئۈچ كۈندىن يەتتە كۈنگىچە داۋاملىشىدۇ. بۇ ئادەتتە «ئۆلگۈچىنىڭ جىسمى تۇپراققا كىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، روھى بىر مەزگىل مۇشۇ ئائىلىدە بولىدۇ.، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ روھى قورۇنۇپ قالماسلىقى ۋە يېتىمسىراپ قالماسلىقى كېرەك» دەپ قارالغاچقا ئىسرىق سېلىنىدۇ.

7. بەختلىك، قامەتلىك بولۇشنى، ماڭغان يولىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشنى تىلەش مەقسەت قىلىنغان ئىسرىق سېلىش ئادىتى. بۇ ئاساسلىقى ئائىلىدىكى پەرزەنتلەرنىڭ ئامەتلىك، بەختلىك بولۇشنى، ئاتا-ئانىسىغا كۆيۈمچان، ۋاپادار بولۇشنى، يامان روھلارنىڭ، جىن-شاياتۇنلارنىڭ زىيان-زەخمەت سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تىلەپ ۋە سەپەرگە مېڭىشتىن ئىلگىرى سەپەرگە چىققۇچىنىڭ سەپىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشنى تىلەپ ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىسرىق سېلىش پائالىيىتىدىن ئىبارەت.

8. مەڭگۈلۈك بەختلىك بولۇشنى مەقسەت قىلغان «ئىسرىق سېلىش» پائالىيىتى. بۇنىڭدا توي قىلغان قىزيىگىتنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا گۈلخان يېقىپ، ئۇلارنى گۈلخاننىڭ ئەتراپىدا ئۈچ قېتىم ئايلاندۇرۇش، ئۇلارنىڭ ھۇجرىسىغا ئىسرىق سېلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە چۇشۇشىنى، مەڭگۈ بىللە بولۇپ ئەۋلاد قالدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىسرىق سېلىش پائالىيىتىدىن ئىبارەت.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن «ئىسرىق سېلىش» پائالىيىتى ئاساسەن ئوت، دەل-دەرەخ، ئۆسۈملۈك، قۇشنىڭ ئۇۋىسى، ھاشاراتلارنىڭ ئۇۋىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ خىل پائالىيەتنى ئائىلىدىكى چوڭ ياشلىق ئاياللار ياكى شۇ مەھەللىدىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر ئاياللار ئۆز قائىدىسى، رەت-تەرتىپى بويىچە ھەر خىل ئايەت-سۈرىلەرنى ئوقۇپ ئېلىپ بارىدۇ.

**ئۇيغۇرلاردىكى ئىسرىق سېلىش ئادىتىنىڭ مەنبەسى ۋە ھاياتلىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى**

ئۇيغۇرلاردىكى «ئىسرىق سېلىش» پائالىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ مەنبەسىنى ئىپتىدائىي ئېتىقادتىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. نەزەرىمىزنى ئىسرىق سېلىش ئۇسۇلى، شەكلى ۋە ئۇنىڭدا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللارغا ئاغدۇرىدىغان بولساق، بۇ مەنبەنى ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ تەبىئەتكە چوقۇنۇش باسقۇچىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ.

تەبىئەت دۇنياسىغا چوقۇنۇش— ئىپتىدائىي دىن شەكىللىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تارماق شەكىللىرىنىڭ بىرى. ماركس ئېيتقاندەك: «دىن پەقەت رېئال دۇنيانىڭ ئەكس ئېتىشىدۇر». جەمئىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى، دىننى تەڭرى ياراتقان بولماستىن، دىن ۋە تەڭرىنى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىدىكى ئىنسانلار ياراتقان، ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدا تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىش، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش جەريانىدا سىستېمىسىز، مەزمۇنى ئاددىي، مۇكەممەل گەۋدىسى بولمىغان كۆپ خۇدالىق ئىستىخىيەلىك دىنلار مەيدانغا كەلگەن. تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى مۇشۇ خىل ئىستىخىيەلىك دىنلارنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، دۇنياۋى ئورتاقلىققا ئىگە. ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە تېۋىنىشى ھەممىگە ئورتاق بولغان يەر، ئاسمان جىسىملىرى، تاغ، تاش، دەريا، ئوت، سۇ قاتارلىقلارغا چوقۇنۇشتىن باشلانغان. دېمەك، ئۇيغۇر خەلقىنىڭمۇ دۇنيادىكى باشقا قەدىمىي مىللەتلەرگە ئوخشاش تەبىئەت دۇنياسىغا چوقۇنغان دەۋرى بولغان. ئەجدادلىرىمىز كەڭ تەبىئەت دۇنياسىدا ياشاش جەريانىدا ھاياتلىق ۋە تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى يۈزەكى ھېس قىلالىغان. بۇ خىل قانۇنىيەتلىك باغلىنىش كېيىنچە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ياشىغان ماكان

شارائىتنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلاردا ھايۋان، دەرەخ، ئۆسۈملۈك ۋە باشقا ئېتىقاد شەكلىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. ھايۋان، دەرەخ، ئۆسۈملۈك ۋە باشقا شەيئىلەرگە چوقۇنۇش ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ قەدىمىي شەكىللىرىدىن ئىبارەت.

ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ساددا قارىشى ئۇلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسى بىلەن بولغان ئالاقىسى جەريانىدا تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر بىر شەيئىنىڭ ئۆزلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بايقىغاندىن كېيىن، تەبىئىي ھالدىلا ئۇلارنىڭ قارىشىدا شۇ خىل شەيئى ۋە ھادىسىلەر، جۈملىدىن ھەممە نەرسىنى سىرلىق تۈسكە كىرگۈزگەن. بۇ خىل سىرلىقلىق تەبىئىي ھالدا ئۇلارنىڭ قارىشى بويىچە «روھ» ئۇقۇمىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۆزى سىرىنى بىلەلمىگەن شەيئىلەرگە قارىتا چوقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، ئۇلار مۇشۇ خىل چوقۇنۇش، ئۇلۇغلاش جەريانىدا ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆزلىرىنى ئەتراپىتىكى شەيئى ۋە ھادىسىلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزلىرىنى ئوراپ تۇرغان شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى «ئىلاھ»لاشتۇرغان. بۇ خىل «روھ» ئۇقۇمى ئۇلارنىڭ شەيئىلەرگە بولغان چوقۇنۇشىنى تېخىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرگەن. «ئىلاھ» ئېتىقادى «روھ» ئۇقۇمىنىڭ، بولۇپمۇ تەبىئەتتىكى بارلىق ماددىلاردا «روھ» بولىدۇ، دېگەن قاراشنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەللىشىشىدە ئىپادىلەنگەن ئېتىقاد شەكلى.

«روھ» ۋە «ئىلاھ» ئېتىقادىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئەسلىدىنلا ھايۋان، دەل-دەرەخ، ئۆسۈملۈك ۋە باشقا چوقۇنۇش (ئوت، سۇ، قۇش...) ئوبيېكتى قاتارلىق تەبىئەتتىكى جىمى شەيئى ۋە ھادىسىلەر بىلەن باغلىق بولۇپ، تەبىئەتتىكى جىمى شەيئى ۋە ھادىسىلەر ئېتىقادنىڭ مۇھىم ئوبيېكتلىرى. ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى، رولى بولغان. ئوتقا چوقۇنۇش ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئارىسىدا كەڭ قانات يايغان ئىپتىدائىي ئېتىقاد شەكلى بولۇپ، ئوتنىڭ ئىنسانلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىنسانلارنىڭ ياۋايىلىقتىن مەدەنىيەت باسقۇچىغا قەدەم قويغانلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى ئىدى. چۈنكى ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئوتنى كەشىپ قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ تۇرمۇش پائالىيىتىدە قولايسىزلىقلار كۆپ ئىدى. ئوتنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا يېڭى بىر ھالەتنى مەيدانغا كەلتۈردى. ئوتنىڭ بارلىققا كېلىشى ناھايىتى سىرلىق بولغانلىقى ئۈچۈن قويۇق ئىپتىدائىي تۈس بىلەن تولۇپ-تاشقان، شۇنىڭ بىلەن «ئوت ئىلاھى» بارلىققا كەلگەن.

دەل-دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەرنى ئۇلۇغلاش ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق قەدىمكى ئەجدادلىرىدىمۇ بولغان. دەل-دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەرگە چوقۇنۇش گۈدەكلىك دەۋرىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بۇ «روھ» ئېتىقادچىلىقىنىڭ تەركىبىي قىسمى. قەدىمكى ئېتىقادتىكى ئوت، دەل-دەرەخ، ئۆسۈملۈك قاتارلىقلاردا «ئىلاھ»، «روھ» ئۇقۇمىنىڭ بارلىققا كېلىشى، چوقۇنۇش ئوبيېكتى بولالىشى ساددا قاراشنىڭ مەھسۇلى بولسىمۇ، تەبىئىيكى ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىدە ئوت — «ئىلاھ» (ئوت ئىلاھى)، دەل-دەرەخ، ئۆسۈملۈك — «روھ»تىن ئىبارەت ئۇقۇم ئارقىلىق «ئىلاھ» بىلەن «روھ» بىرلىكى ھالىتى مەيدانغا كەلگەن. بۇ خىل بىرىكىش ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا بارلىق ياخشىلىققا ئېرىشتۈرۈش، يامانلىقتىن قۇتقۇزۇشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بىرىكىش بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئارزۇ-ئارمىنى مۇجەسسەملەنگەن.

دېمەك، ئىسرىق سېلىش «ئىلاھ». «روھ» بىرىكىشىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ تەبىئەتكە چوقۇنۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

جەمئىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا ئىنسانلار تاغ ئۆڭكۈرلىرىدە ياشاشتىن تەدرىجىي ھالدا مۇقىم ئولتۇراق تۇرمۇشقا كۆچتى. ئۇلار مۇشۇ خىل تۇرمۇش جەريانىدا كوللېكتىپ ھالدا ياشاشتىن بىرقان سىستېمىسىنى ئاساس قىلغان ئۇرۇقداشلىق جامائەسى باسقۇچىغا قەدەم قويدى. ئالىملارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئۇرۇقداشلىق ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جامائەسى ۋە ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق جامائەسىدىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنگەن. ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جامائەسىدە ئاياللارنىڭ ھوقۇقى چوڭ بولغان، ئاياللار ئائىلە ئىشلىرى، باقمىچىلىق، تېرىقچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانسا، ئەرلەر مەخسۇس ئوۋ ئوۋلاش ۋە باشقا خەتەرلىك ئىشلارنى قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان. ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جامائەسى دەۋرىدە ئاياللارنىڭ ھوقۇقى ئۈستۈن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئائىلىدىكى بارلىق ئىشلارنى باشقۇرغان. جۈملىدىن، ئېتىقاد ئىشلىرىدىمۇ

باشلامچى بولغان. دىنىي پائالىيەتلەرنى ئايالالار ئۇيۇشتۇرغان. بۇ دەۋردىكى ئېتقاد تەبىئەت ئېتقادچىلىقى ھېسابلىنىدۇ. تەبىئەت ئېتقادچىلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان «ئىسرىق سېلىش» ئادىتى دەل مۇشۇ ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جامائەسى دەۋرىدە مۇكەممەللەشكەن بولۇشى مۇمكىن. ئىپتىدائىي ئىنسانلار قانداشلىق، ئۇرۇق، قەبىلە تۈزۈمى شارائىتىدا ئۇرۇق، قەبىلە، قانداشلىق دەۋرىدىكى پائالىيەتلەرنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ تەقدىرىنى ئەجدادلارنىڭ روھىغا باغلىغان. شۇڭا ئۇرۇق، قانداشلىق قەبىلە ئىچىدە يۈز بەرگەن خۇشاللىق، بالايىئاپەتلەرنى «روھلارنىڭ سەۋەبىدىن» دەپ قاراپ، مەخسۇس شۇ روھقا ئاتاپ ئىسرىق سېلىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ تۇرغان. «روھ» ئەجدادلارنىڭ ئۇرۇق، قەبىلە، قانداشلىق تۈزۈمى شارائىتىدا ئۇلارنىڭ قوغدىغۇچىسى بولغان. شۇڭلاشقا ئىپتىدائىي جامائە تۈزۈمى دەۋرىدە دەل- دەرەخ، ئوت، ئۆسۈملۈك، قۇشلارنىڭ ئۇۋىسى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىسرىق سېلىش ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ بالا- قازادىن، كېسەل ئازابىدىن ساقلاپ، ئۆمۈرلۈك ئامەتكە ئېرىشىشى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر خىل پائالىيەتتۇر.

«ئىسرىق سېلىش» ئادىتى توغرۇلۇق ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە «ئىسرىق» سۆزى مۇنداق ئىزاھلانغان: «(isrik) ئىسرىق بالىلارنى جىن- ئالۋاستىلارنىڭ زەربىسى ۋە كۆز تېگىشتىن ساقلاش ئۈچۈن ئەپسۇن ئوقۇغاندا ئىشلىتىلىدىغان سۆز). ئىسرىقنىڭ ئىسى بالىنىڭ يۈزىگە تەگكۈزۈلۈپ، (ئىسرىق، ئىسرىق، ئىسرىق، ئىسرىق، ھەي جىن كۆچ- كۆچ» دېيىلىدۇ» دەپ قەيت قىلىنغان. بۈگۈنكى كۈندە ئىسرىق سېلىشنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، مەخسۇس بالىلارنى ئەمەس، بەلكى چوڭ ئادەم، چارۋا- مال، سودا- سېتىق، ئۆلۈم- يېتىم، توي، سەپەر پائالىيەتلىرىدىمۇ قوللىنىلىدۇ.

مېنىڭ قارىشىمچە، بۇ خىل ئادەتنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىدىن قارىغاندا، بۇ ئادەت ئۇيغۇرلاردىلا ئەمەس، باشقا تۈركىي تىللىق قوۋملەرنىڭ ھەممىسىدە بولۇپ، تەبىئەت ئېتقادچىلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان، ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جامائەسى دەۋرىدە مۇكەممەللەشكەن ئادەت. بۇ ئادەت ئىنسانلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشى بىلەن زىچ باغلانغان، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى داۋامىدا مۇكەممەللەشكەن، بۇنىڭدىن ھازىرقى ئىسلام مۇھىتىدا ئىسلام دىنى ئەقىدىسى بىلەن ماسلاشقان ھالدىكى ئىپتىدائىي ئېتقاد ئەركىنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز ھەمدە ئابدۇكېرىم راخمان ئەپەندىم «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان» دېگەن ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان «ئىسرىق سېلىش ئادىتى تەبىئەت ئېتقادچىلىقىنىڭ مەھسۇلىدۇر» دېگەن خۇلاسىنى يەنىمۇ چوڭقۇر ھالدا ئىلگىرى سۈرەلەيمىز.

دەرۋەقە، «ئىسرىق سېلىش» ئادىتى دۇنيادىكى خېلى كۆپ مىللەتنىڭ تۇرمۇشىدا مەۋجۇت بولغان ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتقادچىلىقىنىڭ ئىزى بولۇپ، ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىتتا بىر خىل ئەم- ئىرىم سۈپىتىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەرەققىياتىدا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بولغان ئاممىۋى پائالىيەت ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ مەركىزىدە يەنىلا قەدىمكى ئانىمىزم دەۋرىدىكى «ھەممە نەرسە روھ بولىدۇ»، «روھ مەڭگۈلۈك» قارىشى بار. لېكىن ئۇ بەربىر ئىلىم- پەندىن تاشقىرى تۇرىدىغان بىر خىل خۇراپىي ئادەت ھېسابلىنىدۇ. ئىلىم- پەن يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىۋاتقان ھازىرقى زامان رېئاللىقىدا «ئىسرىق سېلىش»نىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوق بىر خىل قالاق ئادەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز. مېنىڭ بۇ ماقالەمدە «ئىسرىق سېلىش»تىن ئىبارەت بۇ قەدىمكى ئادەتنى ھازىر يەنە قايتا تەشەببۇس قىلىش ياكى ئۇنىڭ ئاتالمىش رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئەمەس، بەلكى بۇ خىل ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ئىزنالىرىنى فولكلور نۇقتىسىدا ئەسلەپ ئۆتۈپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھاياتىي پائالىيەتلىرى، تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرىنى يەكۈنلەپ، ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى چۈشەندۈرۈش مەقسەت قىلىنىدۇ ھەمدە كىشىلەرنى خۇراپاتلىقتىن ئازاد قىلىپ، مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**


1. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» مەھمۇد كاشغەرىي.
2. «ئۇيغۇر فوكلورى ھەققىدە بايان» ئابدۇكېرىم راخمان
3. «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى» ئابدۇرېھىم ھەببۇللا


(ئاپتور: كېرىيە مەدەنىيەت يۇرتىدىن)

# كۇچا ئات ئويۇنى

قۇربانجان ئابلىكىم ئىمىن

خەنزۇچە يېزىلغان تارىخنامىلەردە مىڭئۆي تام سۈرەتلىرىدە، شارىرا قۇتلىرىدىكى (جەسەت كۈلى قۇتلىرىدىكى) تەسۋىرىي سۈرەتلەردە كۇچا خەلقىنىڭ قەدىمكى دەۋردىن تارتىپلا سۇمۇز ئويۇنى، شىر ئويۇنى ۋە ئەجدىھا ئويۇنى قاتارلىق نىقابلىق ئويۇنلارنى ئويناپ كەلگەنلىكى مەلۇم.

ئات ئويۇنى دەل سۇمۇز ئويۇنى ۋە شىر ئويۇنلىرىغا ئوخشاش دىراماتىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە قەدىمكى ئويۇن تۈرى بولۇپ، بۇ ئويۇنلار ھەر خىل مەشرەپ، بەزمە سورۇنلىرىدا ئوينىلىدۇ.

يۇرتىمىز كۇچانىڭ تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، قىزىل مىڭئۆينىڭ تەخمىنەن 7-ئەسىرگە تەۋە 81-غارىدا چولڭ ياغاچ چاقلىق ھارۋىغا بىر ئاق ئات قوشۇلغان كۆرۈنۈش سىزىلغان.

كۇسەننىڭ بۈيۈك بۇددىزىم مۇتەپەككۇرى كۇمراجىۋا لوگۇاڭ تەرىپىدىن چاڭئەنگە ئېلىپ مېڭىلغاندا ئاق ئاتقا مىنىپ يولغا چىققان بولۇپ، دۇنخۇاڭغا كەلگەندە ئاق ئات كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئات مۇشۇ جايغا دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن، كۇمراجىۋا بۇ ئاق ئاتنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن توققۇز قەۋەتلىك خاتىرە مۇنارى سالغۇزىدۇ.

كېيىنچە ئات ئوبرازى تېخىمۇ ئىلاھلىشىپ ئات ئىلاھغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىپ، ئۇنىڭدىن شەپقەت، ياردەم تىلەشتەك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان. شۇ جەرياندا ئۇلار ئۆزلىرىگە ئالاھىدە ۋە يۈكسەك بولۇپ كۆرۈنگەن ئاتقا تەقلىد قىلىپ، ئات سىياقىدا نىقابلىنىپ ئۇسسۇللۇق مۇراسىملارنى ئۆتكۈزگەن. بۇ ئېتىقاد ئاساسىدىكى پائالىيەت ئاستا-ئاستا سەنئەت تۈسىنى ئالغان پائالىيەتكە ئۆزگىرىپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلگەن. بۇ ئويۇنلار ئاساسىدا شەكىللەنگەن نىقابلىق ئات ئويۇنى بۇددىزىم مەزگىلگە كەلگەندە شۆھرەت تېپىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىدا، ھەتتا ياپونىيە سەھنىلىرىدە ئوينالغان.

كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ كەلگەن ئات ئويۇنى ئىسلامىيەتتىن كېيىنمۇ داۋاملىشىپ مەشرەپ، بەزمىلەردە ئوينايدىغان كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى بولۇپ كەلدى.

ئات ئويۇنى ئويناشتىن بۇرۇن چوقۇم ئات تەييارلىنىدۇ. ئالدى بىلەن ئاتنىڭ جازىسىنى ياغاچتىن، پاتاڭ (گەجگە) قىسمىنى قەلەيدىن ياسىۋېلىپ، ئاتنىڭ بېشىنى تۆمۈردىن ياسايمىز. بۇلارنى ياساپ بولغاندىن كېيىن ئەتراپى رەختتە ئورىلىدۇ، ئاتنىڭ قۇيرۇقى چىقىرىلىدۇ، كۆز، قۇلاق، بۇرۇن، ئېغىزلىرى ياسىلىدۇ. ئاندىن يۈگەن، قوڭغۇراق سېلىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىر ئات پۈتىدۇ.

ئات ئويۇنىنىڭ جەريانى:

مەشرەپ ياكى بەزمە سورۇنى جانلانغان مەزگىلدە ئات ئويۇنى ئوينىلىدۇ. سورۇننىڭ ئۈستۈن تەرىپىدە دۇتار، تەمبۇر، غېجەك، ئىسكىرىپكا، چاڭ، داپنى تۇتقان سازەندىلەر ئولتۇرۇپ «ئۆگەن دەريا سۇلىرى» دېگەن خەلق ناخشىسىنى ئورۇنلايدۇ. شۇ ئەسنادا ئىككى ئات ئىككى ياقتىن چىقىپ بىر-بىرىگە سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن بەزمە ئەھلىگە سالام بېرىدۇ ۋە مۇزىكا رېتىمىغا خاس ھەرىكەتلەرنى قىلىدۇ. مۇزىكا ئەۋجىگە چىققاندا ئات كىشنەپ تېپىچەكلىگەن ھەرىكەتلەرنى ئورۇندايدۇ. شۇ يوسۇندا مۇزىكا رېتىمىغا ماس ھالەتتە ئات ھەرىكەتلىرى ئوينىلىدۇ. ئاخىرىدا مۇزىكا تۈگىگەندىن كېيىن ئىككى ئات بەزمە ئەھلىگە سالام بېرىپ تېپىچەكلىگەن پېتى سەھنىدىن ئايرىلىدۇ.

نۆۋەتتە زامانىۋى كىنو-تېلېۋىزىيە سەنئىتىنىڭ ئەنئەنىۋى دىراما - تىياتىرلارغا بولغان خىرىسىنىڭ ئېشىپ بېرىشى ۋە بۇ ئويۇننى داۋاملاشتۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ ئازلاپ كېتىشى، شۇنداقلا بۇ ئويۇننى ئۆگىنىدىغان ۋارىسلارنىڭ بولماسلىقى سەۋەبىدىن بۇ ئويۇن يوقاپ كېتىشكە يۈزلەنمەكتە.

پايدىلانغان مەنبەلەر:

1. ئابلىز مۇھەممەد سايرامى: ئات ئۇسسۇلى «شىنجاڭ تارىخ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2004-يىللىق سانى (ئومۇمىي 38-سان).

(ئاپتور: كۇچا ناھىيە دۆڭقوتان بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە)

# ئۇيغۇرلاردا ئوچاق مەدەنىيىتى

ئابدۇغېنى تۇر

ھەممىزگە مەلۇملۇق، ئىنسانلار ئەڭ بۇرۇنقى جەمئىيەتتە ئۇرۇقداشلىق جامەسىنى ئاساس قىلغان كوللېكتىپ شەكلىدىكى ئوۋچىلىق ئارقىلىق ھايات كەچۈرگەن، ئىنسانلارنىڭ ئوۋ نېمەتلىرىنى خام ھالەتتە يېيىشتىن پىشۇرۇپ يېيىش دەۋرىگە ئۆتۈشى، گۆشنى ئاساس قىلغان ئوۋچىلىق تۇرمۇشىدىن دانلىق ئاشلىقنى ئاساس قىلغان دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا قەدەم بېسىشى ناھايىتى ئۇزاق، مۇرەككەپ ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن.

دانلىق زىرائەتلەردىن تەييارلانغان ئاش تۈرىدىكى يېمەكلىكلەرنى پىشۇرۇش ئۇسۇلى گۆشنى پىشۇرغانغا ئوخشاش ئاددىي ھالدىكى قاقلاپ پىشۇرۇش بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا قازان تۈرىدىكى بۇيۇملار ۋە ئوچاق كېرەك بولىدۇ. ئوچاق ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن تارتىپ ئىنسانلارنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىغا ھەمراھ بولۇپ، نۇرغۇن ئۆزگىرىش، يېڭىلىنىشلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، نەچچە 1000 يىللىق تارىخىي تەرەققىياتنىڭ شاھىتى سۈپىتىدە كۈندىلىك تۇرمۇشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ ئۆزىگە خاس مەنىۋى مەنىلەر بىلەن سۇغۇرۇلغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنوگرافىيەسىنى تەتقىق قىلىشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە.





ئۇلۇغ بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىيمۇ «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك»تە ئوچاق ھەققىدە قىممەتلىك مەلۇماتلارنى قالدۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوچاق دىگەن سۆزنىڭ شۇ دەۋرلەردىلا «ئوچاق» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان. («دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» ئۇيغۇرچە 1 - توم، 88 - بەت). كۆچمە ئوچاق — بىر ئورۇندىن ئىككىنچى بىر ئورۇنغا يۆتكەپ ئىشلەتكىلى بولىدىغان ئوچاق («دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» ئۇيغۇرچە 1 - توم، 638 - بەت).

دىمەك، ئۇيغۇرلاردا ئوچاق ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرىلا ئىختىرا قىلىنغان بولۇپ، ياسالغان دەۋر، ياسالغان ئورۇن، ئىشلىتىلگەن ماتېرىيال، ئىشلىتىلىش رولى، مەدەنىيەت قاتلىمى قاتارلىقلارنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبلىك، ھەرقايسى دەۋرلەردە ئوخشاش بولمىغان ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋە ئوخشاش بولمىغان مەنىلەرگە ئىگە بولغان.

## ئوچاقنى ئۇلۇغلاش

قەدىمكى كىشلەرنىڭ نەزەرىدە ئوت ئايال ئىلاھ تەرىپىدىن پەيدا قىلىنغان دەپ قارالغانلىقتىن، ئوت يېقىش، ئوتنى ساقلاش قاتارلىقلارغا مەسئۇل قىلىنغان. ئۇيغۇرلاردا قەدىمكى ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن بېرى، ئوت يېقىش، ئوت ساقلاشتىكى ئاساسلىق ئورۇن بولغان ئوچاقمۇ ئاياللار مەسئۇل بولۇپ كەلگەن. بۇ خىل ئەنئەنە ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە تاكى بۈگۈنگە قەدەر ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇرلاردا ئوچاق تازىلىقىغىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدىغان بولۇپ، ئانىلار ياكى قىز - كېلىنلەر سەھەر تۇرۇپ يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئوچاق بېشىنى پاكىز سۈپۈرۈپ كۈللەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئادەتكە ئايلانغان. شۇڭا خەلق ئارىسىدا، «قىز تۇغۇلسا ئوچاق بېشى خۇش بولىدۇ» دەيدىغان سۆز بار. ئوچاققا ئەخلەتلەرنى تاشلاش، تۈكۈرۈش،

ئوچاقنى تېپىش قاتارلىق غەيرىي قىلىقلار قاتتىق چەكلەنگەن، ھەتتا ئوچاق كونىراپ، چېقىۋېتىش لازىم بولسا، ئۇنىڭ پارچىلىرىنى (شورىنى) خالىغان يەرگە تاشلىماستىن، بەلكى ئادەم دەسسىمەيدىغان خالىي جايلارغا قويغان.

ئوچاق مۇقەددەسلىكىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى يىراق مەنبەدىن ئىزدىگىنىمىزدە، ئۇ ئالدى بىلەن ئوت ئېتىقادچىلىقى بىلەن باغلىنىشى بار. ئوتقا ئائىت تۈرلۈك ئەپسانىلەردىن مەلۇمكى، قەدىمكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئوتنى تەڭرى ئىنسانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن پەيدا قىلىنغان سىرلىق نەرسە دەپ قارىغان. شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئوت ئېتىقادچىلىقى ئەڭ ئەۋج ئالغان جايلار بولۇپ، كىشىلەر ئوتقا بولغان ئېتىقادىنى گۈلخان يېقىش، قاپاق كۆيدۈرۈش، ئوتلاپ قېقىش قاتارلىق شەكىللەردە ئىپادىلەپ كەلگەن. بۇ خىل ئېتىقاد تا ھازىرغىچە ئۆز تەسىرىنى يوقاتقىنى يوق. «ئائىلىنىڭ ھاياتى ۋە روناق تېپىشىنىڭ سۈپىتىدە ئوچاقتا دائىم ‹قوقاس› ساقلىناتتى. ئائىلىنىڭ ئوتى مەڭگۈ ئۆچۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئاغۇن ياكى ئۆتگە قوقاسنى كۆلگە كۆمۈپ قوياتتى ۋە لازىم بولغاندا كۈلنى ئېچىپ، پۈۋلەپ ئۇدغۇچ ئوزغۇچ قىلاتتى» ①. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خۇرەزىم رايونىدىن يېڭى تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ بىر قەدىمكى ئولتۇراق ئىز بايقالغان. «ئولتۇراق جاينىڭ ئەتراپىدا قاتار-قاتار ئوچاقلار بار. پۈتكۈل ئۇرۇقداشلىق جامەسى مۇشۇنداق ئۆيلەردە ئولتۇرغان بولۇپ، بۇ ئۆيلەرگە ئۇششاق باللارنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا 100دىن 120گىچە ئادەم سىغدۇ، ئولتۇراق جاينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوتى ئۆچمەيدىغان يۇملاق ئوچاق بولۇپ، بۇ ئوچاق ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە پۈتكۈل شەرقلىكلەرنىڭ ئوتقا چوقۇنۇشىدىكى ئەڭ قەدىمكى ئىزدۇر» ②.

زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ خىل ئىلاھى ئوت ساقلىنىدىغان ئوچاقمۇ تەبىئىي ھالدا ئېتىقاد ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالغان. «ئىلمىي خادىملار ئوتتۇرا ئاسىيادا ئوچاق ئىلاھىغا تىلاۋەت قىلىشنى يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىن سۈرۈشتە قىلىشقا بولىدۇ» ③ دەپ ھېسابلاشماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا، ئوچاق شورتۇز ئىشلىتىپ ياسىلىدىغان بولغاچقا، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇزنى ئۇلۇغلاش ئېڭى ئوچاقنى ئۇلۇغلاش، ئوچاقنى مۇقەددەس دەپ تونۇشنىڭ شەكىللىنىشىگە قارىتا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئەقىلگە مۇۋاپىق، ئەلۋەتتە.

مۇقىم شەكىلدىكى ئائىلىۋى ئولتۇراقلىشىشنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ، قورۇ-ھويلا ئىچى ياكى ئۆي ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇش بىر خىل ئالاھىدە مەدەنىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدىن ئورۇن ئالغان ھەمدە ئۇنىڭ رولى بارغانسېرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، ئائىلە مۇقەددەسلىكى ئوچاق مۇقەددەسلىكىگە تېخىمۇ يېڭى مەزمۇن قوشقان، بىر ئوچاق بولۇش بىر ئۆي بولغانغا باراۋەر قىلىپ تەققاسلانغان، شۇڭا كىشىلەر بالاغەتكە يېتىپ تۇرمۇشلۇق بولۇشنى، ئۆي-ماكان تۇتۇشنى «ئۆي-ئوچاقلىق بولماق»، «موردىن تۈتۈن چىقارماق» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەشكە ئادەتلەنگەن. بۇ خىل ئىدىيە ۋە سۆزلەش ئادىتى تا ھازىرغىچە ئۆز تەسىرىنى يوقاتماي، تۇرمۇشىمىزدا بىز بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا.

## ئوچاقنىڭ تۈرلىرى ۋە ياسىلىشى

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئوچاق ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئوچاقنىڭ شەكلى، ئورنى، ئۇ ئىپادىلىگەن مەنە قاتارلىقلاردا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىش بولۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭ تۈرلىرىدىمۇ چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولۇپ تۇردى. ئەڭ دەسلەپكى ئوچاقنىڭ بىۋاستە يەرنى ئويۇش ئارقىلىق ياسالغانلىقى ياكى تاش-چالمىلارنى تىزىش ئارقىلىق ياسالغانلىقىنى پەم قىلىش قىيىن ئەمەس. تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا، تۇرمۇش ئېھتىياجىغا ماسلاشالمىغانلىرى ئۆزلۈكىدىن ئورۇن بوشىتىپ، تارىخىي يادىكارلىق قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشى بىلەن بىللە، دەۋرگە ماس ھالدا يېڭى-يېڭى ئوچاق تۈرلىرى بارلىققا كەلدى. ئۇيغۇرلاردا ئوچاقنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، ھەرقايسى يۇرتتىكىلەر ئۆز جاينىڭ شارائىتىغا، تۇرمۇش شەكلىگە ماس كېلىدىغان ئوچاقلارنى ئىشلىتىشكە ئادەتلەنگەن. تۆۋەندە ئىشلىتىلىش دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ بولغان، ئومۇملاشقان بىر قانچە خىل ئوچاق تۈرى تونۇشتۇرۇلىدۇ:

ئادەتتىكى شور ئوچاق: بۇ خىلدىكى شور ئوچاق ئادەتتە ئۈستى ئوچۇق چايخانا ئۆيلەرگە، ھويلىلارغا ياسىلىدۇ. بۇ خىل ئوچاقنى سېلىشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن ئوچاق سېلىنىدىغان ئورۇن تاللىنىپ، قۇمسال ئەت توپىدا چوڭ-كىچىكلىكىنى مۇۋاپىق قىلىپ قورسىقى سىرتقا



كۆيۈپ چىققان كېسەك كۈنۈس شەكلىدە ئىچ قېلىپى ياسىلىدۇ. ئاندىن چۆللۈكتىن ئەكەلگەن شور قاتتىق يەرگە تۆكۈلۈپ، كالتەك، توقماقلار بىلەن ئۇرۇپ ئېزىلگەندىن كېيىن، ئۆتكەمە، غەلۋىردىن ئۆتكۈزۈلۈپ، يۇمشاق توپىسىنى يوغان كاساڭ (تەڭنە)، داسلارغا سېلىپ، خېمىر يۇغۇرغاندەك يۇغۇرۇلىدۇ. زۇۋۇلا تۇتۇپ راسلانغاندىن كېيىن، ئالدىن راسلىۋالغان قېلىپنىڭ ئۈستىگە تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ، تەڭگىسمان ھالەتتە چاك باستۇرۇپ چاپلىنىدۇ (ئەلۋەتتە ئوتۇن سېلىش ئۈچۈن ئوچاقنىڭ ئالدى تەرىپىدىن مۇۋاپىق چوڭلۇقتا بوشلۇق قالدۇرۇلىدۇ. بولمىسا تونۇرغا ئوخشاپ قالىدۇ). ئەڭ ئۈستىنكى قەۋىتىگە قېلىنراق قىلىپ گىرۋەك باغلىنىدۇ. ئۇچىنچى قەدەمدە، چاپلانغان شور لاينىڭ ئۈستىنكى ۋە يان ئېغىز گىرۋەكلىرىنى چىڭرا قىلىپ، قېلىپنىڭ سىرتىنى چاسا شەكىلدە خىش تام قىلىپ ئېتىپ چىقىمىز، تام بىلەن شور لاينىڭ ئارىسىدىكى بوشلۇق ئەت توپا بىلەن تىندۇرۇلىدۇ. ئەڭ ئۈستى ۋە يانلىرى چىرايلىق قىلىپ سۇۋۇلىدۇ. ئۈستى تەرەپ ئوچاق بېشى دېيىلىدۇ. ئوچاق بىر-ئىككى كۈن تۇرغۇزۇلۇپ، ئاساسەن قۇرۇغان ھالەتكە كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىچ قېلىپى (قۇمسال ئەت توپا) ئېلىۋېتىلىپ، ئوچاق ياغاچ كېپىكى، ئاسان كۆيمەيدىغان ئوتۇن-چاۋار قاتارلىقلار بىلەن ئىسلاپ پىشۇرۇلىدۇ. ئەگەر ئالدى بىلەن ئىسلىماي، بىۋاستە ئوت قالىنىدىغان بولسا، ئوچاق يېرىلىپ كېتىدۇ.

مورا ئوچاق: مورا ئوچاق ئادەتتە ئۆينىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان بولۇپ، قىش ۋاقىتلىرى ئىشلىتىلىدۇ. ئالدى بىلەن ئۆينىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە ئاساسەن تۆر-پەگاھلىرى ئايرىلىپ، مۇۋاپىق ئورۇن تاللاپ بېكىتىلىدۇ. ئادەتتە ئوچاق سېلىنىشتىن بۇرۇن، ئۆي سېلىش ئۈچۈن تام قوپۇرۇلىۋاتقان ۋاقىتتا، ئوچاق سېلىنىدىغان ئورۇنغا ماسلاشتۇرۇپ، تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ مورا (تۈتۈننىڭ سىرتقا چىقىپ كېتىشى ئۈچۈن تام ئارىسىدا قالدۇرۇلغان تۆشۈك يول) قالدۇرۇلىدۇ. مورىنىڭ پەس تەرىپى كەڭرەك ئېلىنىپ ئۇ جايغا ئوچاق سېلىنىدۇ. سېلىش ئۇسۇلى ئادەتتىكى شور ئوچاق بىلەن ئوخشاش. مورا ئوچاقنىڭ ئالدى تەرىپى بىر يېرىم مېتىر ئېگىزلىكتە نېپىز كېسەك بىلەن مېھراب شەكلىدە قاپارتمىلىق قىلىپ ياسىلىدۇ. بۇ «مورا بېشى» دېيىلىدۇ. «مورا بېشى»نىڭ ئۈستىگە «جىنچىراغ» (سۇيىغى ئىشلىتىدىغان چىراغ) قويۇلىدىغان چىراغدان ياسىلىدۇ. ئادەتتە ئۆي ئىچى ئاشۇ ئورۇنغا قويۇلغان «جىنچىراغ»نىڭ نۇرى ئارقىلىق يورۇتۇلىدۇ. «مورا بېشى» ئالاھىدە تېخنىكا بىلەن ياسالغاچقا، ئىس-تۈتۈن ۋە تاماقنىڭ ھورىنىڭ ئۆي ئىچىگە تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلەن بىللە، ئۆي ئىچىگە زىننەت بېغىشلايدۇ.

بۇ ئوچاققا ئوتۇن قالىنىدۇ، ئۈستى تەرەپكە قازان ئېسىلىپ، تاماق ئېتىپ يەيدۇ. ئوچاق ئالدىغا ئۆرە مىس چۆگۈن قويۇپ چاي قاينىتىلىدۇ. يەنە بەزىدە بۇ ئوچاق تونۇر ئورنىدا ئىشلىتىلىپ، ئىچىگە نان يېقىلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا بىرلا ۋاقىتتا ئاش ئېتىش، نان يېقىش، چاي قاينىتىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ. قىش كۈنلىرى ئوچاقتىكى ئوتنىڭ تەپتى بىلەن ئۆي ئىچى ئىسسىيدۇ. تاماق ئەتكەندىكى ياغنىڭ بۇسى، ئىس-تۈتەكلەر، غەيرىي پۇراقلار مورا ئارقىلىق سىرتقا چىقىپ كېتىدۇ.

گەرچە ھازىر جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، مورا ئوچاق ئىشلىتىشتىن قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئۇيغۇر بىناكارلىق مىمارچىلىقىنىڭ مۇھىم بىر نامايەندىسى سۈپىتىدە ھېلىھەم ئۇيغۇرلارنىڭ ساراي مېھمانخانىلىرىنىڭ تۆرىدىن چۈشمەي، ھەر خىل گۈل نەقىشلەر بىلەن تېخىمۇ كۆركەم نەپىس بېزىلىپ، ئۆز جۇلاسىنى نامايان قىلىپ

كەلمەكتە.

تۆمۈر ئوچاق: بۇ چوڭ ماي تۆگنى ئوتتۇرىسىدىن
كېسىپ، ئۇنىڭ ئىچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا شالا، شالانىڭ يۇقى-
رى تەرىپىگە ئوتۇن-كۆمۈر سېلىنىدۇ، شالانىڭ ئاستى تە-
رىپىگە كۈل دۆۋىلىنىدۇ. كانايلىق چىقىرىلىپ، ئاستىغا
ئۈچ پۇت بېكىتىلىپ ياسىلىدۇ، ئۇنى خالىغان جايغا
يۆتكەپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

شالالىق ئوچاق (ئۆرە ئوچاق): بۇ ئوچاقنىڭ
ئۈستى تەرەپتىن مۇۋاپىق ئورۇننى ئوتۇن-كۆمۈر سېلىشقا
قالدۇرۇپ، مۇۋاپىق ئۇزۇنلۇقتىكى تۆمۈر سىمنى ئازراق-
تىن ئارىلىق قالدۇرۇپ، قاتار تىزىپ قويۇلىدۇ. بۇنداق
بولغاندا كۈل ئاستىغا چۈشۈپ كېتىدۇ ۋە ئاستى تەرەپتىن
ھاۋا ئۆتۈشۈپ ئوت بەك كۆيىدۇ.

تام ئوچاق: بۇ ئوچاق ئادەتتە ئىچكىرى-تاشقىرى
ئىككى ئۆينىڭ ئوتتۇرا تېمىغا ياسىلىدۇ. ئوچاقنىڭ ئاسا-
سي قىسمى ۋە ئاغزى تاشقىرى ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇلى-
دۇ. تامنىڭ قېتىدىن يۇقىرىغا قاراپ پاراللېل يۆنىلىشتە
ئۈچتىن بەشكىچە كىچىرە شەكىلدە مورا ئېلىنىدۇ. بۇ
كىچىك مورىلارنىڭ بېشى ۋە ئاخىرى بىر بولىدۇ. ئوچاق-
تىن چىققان ئوت يالقۇنى ۋە ئىسسىق تۈتۈننىڭ تەسىرىدە
بۇ تام ئىسسىيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىچكىرىدىكى ئۆيگە
ئوت قالىمىسىمۇ ئىسسىق تۇرىدۇ، يېقىلغۇ تېجەيدۇ.

سۇپا ئوچاق: ئالدى بىلەن قىشلايدىغان ئۆينىڭ ئى-
چىگە مۇۋاپىق چوڭلۇقتا ۋە مۇۋاپىق ئېگىزلىكتە ئىچىنى
كاۋاك قىلىپ سۇپا ياسىلىدۇ. بۇ سۇپىنىڭ بىر يېقىغا سۇپى-
غا چاپلاپ ئوچاق سېلىنىدۇ. بۇ ئوچاق-
نىڭ ئىس ماڭىدىغان دۇتخانىسى سۇپىغا
ئۇلىنىدۇ. سۇپىنىڭ تامغا چاپلىشىپ
تۇرغان يەنە بىر تەرىپىدىن تۆشۈك قال-
دۇرۇلۇپ، ئۇنى تامغا ئورۇنلاشتۇرۇل-
غان مورا بىلەن تۇتاشتۇرۇلىدۇ. ئوچاققا
ئوت قالاپ تاماق ئەتكەندىن كېيىن،
ئوت يالقۇنى ۋە ئىسسىق تۈتۈننىڭ تە-
سىرىدە بۇ سۇپا ئىسسىيدۇ. بىرلا ئىسسى-
غاندىن كېيىن كېچىچە ئوت قالىمىسىمۇ،
ئىسسىقلىقنى يوقاتمايدۇ. ئائىلە ئەزالىرى
بۇ ئىسسىق سۇپىنىڭ ئۈستىدە راھەت
ئارام ئالىدۇ. بۇ خىل ئوچاق سالامەتلىك-
كىمۇ ناھايىتى پايدىلىق.

ئۇيغۇرلاردا بۇنىڭدىن باشقا، يەنە خېلى كۆپ
ئوچاق تۈرلىرى بار.

**ئوچاقنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە ئىشلىتىلىش رولى**

ئوچاقلار ئادەتتە ھويلىغا ياكى ئۆي ئىچىگە ياسىلى-
دۇ. ھويلا ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئوچاق ئادەتتە ياز
كۈنلىرى تاماق ئېتىش ۋە نان يېقىشنى مەقسەت قىلغان
بولۇپ، ھويلىنىڭ يان تەرىپىگە، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ باشقا
پائالىيەتلىرىگە توسالغۇ بولمايدىغان جايغا ياسىلىدۇ.

ئۆي ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئوچاق بولسا، قىش
ۋاقىتلىرى ھاۋا سوغۇق چاغلاردا تاماق ئېتىش بىلەن
بىللە، ئىسسىنىشنى مەقسەت قىلىپ ياسىلىدۇ. ئۆي ئىچىدى-
كى ئوچاقلار شۇ ئۆينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا، چوڭ-كى-
چىكلىكىگە قاراپ، مۇۋاپىق ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.
ئادەتتە ئوچاق ئىشىكتىن كىرگەندىكى ئۇدۇل تامنىڭ بىر
تەرىپىگرەك جايلاشتۇرۇلۇپ، ئۆينى تۆشۈك تەرەپ ۋە
تۆر تەرەپ دەپ ئىككىگە ئايرىپ تۇرىدۇ. تۆشۈك (يەنى
پەگا) تەرەپتە تاماق ئېتىلىدۇ. مېھمان كەلگەندە بولسا،
ئۇلارنى ئەزىزلەپ ھامان تۆر تەرەپكە باشلايدۇ، ئۆي
ئىگىلىرى پەگا تەرەپتە ئولتۇرىدۇ.

ئەنئەنىۋى ئوچاقلاردىن شور ئوچاق ناھايىتى
ياخشى ئىشلىتىش ئۈنۈمىگە ئىگە بولۇپ، بىرلا ۋاقىتتا
تاماق ئېتىش، چاي قاينىتىش، نان يېقىش ياكى كۆمەچ پە-
شۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى قىلغىلى بولۇپلا قالماستىن،



يەنە ئىسسىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ ئوچاققا ياققان نانلار ناھايىتى تەملىك ھەم يېپىشلىك بولۇپ، نانلارنى ئاز-ئازدىن، يېڭى-يېڭى يېقىپ يېگىلى بولىدۇ. نان يېقىش ئۈچۈن ئالاھىدە ۋاقىت ئاجرىتىپ، تونۇر قىزىتىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئاش ئەتكەن چاغدا قازاننى چۈشۈرۈپ بولۇپلا، نان ياقسا بولىدۇ، ھەققەتەن ئىش تېجەيدۇ.

### ئوچاققا مۇناسىۋەتلىك بەزى ئاتالغۇلار

ئوچاق ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە مۇھىم بولغان تۇرمۇش بۇيۇمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆز فۇنكسىيەسىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ھەرگىزمۇ يەككە ھالدا مەۋجۇت بولمايدۇ.

ئوچاق بېشى: ئوچاقنىڭ ئۈستى تەرەپ ئېغىزى ئەتراپىدىكى تەكشى يۈز قىسمى.

مورا: ئىسنىڭ سىرتقا، يەنى ھاۋاغا چىقىپ كېتىش يولى.

مورا بېشى: مورىنىڭ قاپارتما شەكىللىك چىقىرىلغان قىسمى بولۇپ، ئىس-بۇسلارنىڭ ئۆي ئىچىگە قېچىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ئۆيگە زىننەت بېغىشلايدۇ.

كولۇك: ئوچاقنىڭ ئالدى ئېغىزى بىلەن چېگراداش قىلىپ، يەر يۈزىدىن سەل تۆۋەن ھالەتتە، تۆت چاسا شەكىلدە ياسىلىدۇ. بۇ ئوچاقتىكى چوغلارنى تارتىپ ئىسسىنىشقا، كۆمەچ كۆمۈش، تۇخۇم پىشۇرۇش، چاي قاينىتىش، ئوچاق ئىچىدىكى ئارتۇق چوغ ۋە كۈللەرنى تارتىپ قويۇش ئۈچۈن تەييارلىنىدۇ.

قىسقاچ: تۆمۈردىن ياسالغان، قايچا شەكىللىك ئەسۋاب بولۇپ، ئۇ ئوچاق ئىچىدىكى چوغ، چۇچۇلا قاتارلىق قىزىق نەرسىلەرنى قىسىش، ئوتۇن سېلىش قاتارلىق ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

بەل: كىچىكلىتىلگەن گۈرجەك بولۇپ، ئۇ ئوچاق ئىچىدىن چوغلارنى تارتىش، كۈللەرنى ئۇسسۇش قاتارلىق ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

تۇتاشتۇرۇق: ئوت يېقىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۇششاق قۇرۇق ئوتۇن بولۇپ، ئوت ياققاندا ئالدى بىلەن تۇتاشتۇرۇققا يېقىلىپ، ئاندىن چوڭراق ئوتۇنلار سېلىنىدۇ.

چۇچۇلا: تولۇق كۆيۈپ بولالمىغان ئوتۇن.

قازان بېشى: قازاننىڭ ئەتراپى.

تۈۋرۈك: قازاننى ئوچاقتىن ئالغاندىن كېيىن قويۇپ قويۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، قازاننىڭ ئۆرۈلۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان نەرسە. ئۇ ئادەتتە ياغاچتىن ياكى تۆمۈرلەردىن ياسىلىدۇ.

تۇتقا: قازاننى يۆتكەشتە قازاننىڭ قۇلىقىدىن تۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، قولنىڭ قىزىپ كېتىشى ۋە قارا بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان نەرسە. ئۇ ئادەتتە لاتىدىن بىر جۈپ قىلىپ ياسىلىدۇ، مۇۋاپىق ئۇزۇنلۇقتىكى يىپ بىلەن چېتىلىدۇ. قازاننى يۆتكىگەندە بۇ يىپ بويىدىن ئېلىنىپ، ئىككى تۇتقا ئىككى قولدا تۇتۇلىدۇ، ئىشلەتمىگەندە مۇۋاپىق ئورۇنغا ئېلىپ قويۇلىدۇ.

ئىزاھات:

① ئىمىن تۇرسۇن: قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىل 3-ئاي نەشرى، 141-بەت.

② ب. گ. غا پوروپ «تاجىكلار تارىخى» 1-قىسىم، 13-، 14-بەتلەر، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988-يىلى.

③ جۇڭگاۋ «غەربىي يۇرتتىكى ئوت مۇقەددەسچىلىكى ئېتىقاد مۇراسىملىرىنىڭ ماھىيىتى»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»، 1998-يىل 1-سان، 82-بەت، خەنزۇچە، ئۇرۇمچى).

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002-يىل 3-ئاي 1-نەشرى.

2. كۇسەنشۇناسلىق جەمئىيىتى تۈزگەن «كۇسەنشۇناسلىق تەتقىقاتى» 1-قىسىم، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2008-يىل 6-ئاي 1-نەشرى.

3. يۇتەيشەن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «غەربىي يۇرت ئومۇمىي تارىخى»، جۇڭگو قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، 1996-يىلى.

ئىمىن تۇرسۇن: قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىل 3-ئاي نەشرى، 141-بەت.

4. ب. گ. غا پوروپ: «تاجىكلار تارىخى» 1-قىسىم، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988-يىل 1-نەشرى.

5. ئەنۋەر سەمەت قورغان: «ئۇيغۇرلاردا پەرزلەر» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007-يىل 12-ئاي 1-نەشرى

6. جۇڭگاۋ «غەربىي يۇرتتىكى ئوت مۇقەددەسچىلىكى ئېتىقاد مۇراسىملىرىنىڭ ماھىيىتى»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»، 1998-يىل 1-سان، 82-بەت، خەنزۇچە، ئۇرۇمچى).

7. غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئوچاقنى ئۇلۇغلىشى»، «مىراس» ژۇرنىلى، 2001-يىللىق 5-سان.

8. غەيرەتجان ئوسمان: «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوت مۇقەددەسلىك قارىشى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى، 2008-يىللىق 3-سان.

9. ئابدۇغېنى ئوسمان: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئوت ساقلاش ئادىتى توغرىسىدا»، «مىراس» ژۇرنىلى، 2013-يىللىق 2-سان.

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2013-يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى)

# قاينام جاپپارنىڭ
# قىسقىچە تەرجىمىھالى









قاينام جاپپار 1958- يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدە زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1984- يىلىدىن باشلاپ، «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى، «تارىم» ژۇرنىلى، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى قاتارلىق گېزىت- ژۇرناللاردا 3000 پارچىدىن ئارتۇق ھۆسنخەت، گۈزەل سەنئەت، فوتو سۈرەت ئەسىرى ئېلان قىلىنغان. 2009- يىلى بىر پارچە ھۆسنخەت ئەسىرى كورېيە، جۇڭگو، ياپونىيە بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن «6- نۆۋەتلىك دۇنيا يېزىق سەنئىتى كۆرگەزمىسى»دە مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

2008- يىلى 8- ئايدا، باشقا خەتتاتلار بىلەن بىرلىكتە ئىجاد قىلغان «1000 مېترلىق ھۆسنخەت ئەسىرى يۆگىمى»، «جۇڭگو گۈزەل ئەخلاق چوڭ لۇغىتى»گە كىرگۈزۈلگەن، تەشكىلىي ھەيئەت ئۇنىڭغا «مېھرىبان خەتتات» دېگەن شەرەپلىك نامنى تەقدىم قىلغان.

قاينام جاپپار ھازىر جۇڭگو خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو خەتتاتلار جەمئىيىتى ئاخبارات- نەشرىيات خىزمىتى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قوشۇمچە ئاز سانلىق مىللەتلەر خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق فوتوگرافلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت- تارىخ تەتقىقات يۇرتى خەتتاتلار- رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش ئەزاسى، دۇنيا تىل- يېزىق سەنئىتى كۆرگەزمىسىنىڭ تەكلىپلىك سەنئەتكارى.















主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑出版:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路 716 号文联大楼 14 层)
电话:(0991)4554017　传真:(0991)4559756
发行:乌鲁木齐市邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一连续出版物号:CN65—1130/I
国际标准连续出版物号:ISSN1004—3829
代号:58-60　广告许可证号:6500006000040
E-mail:mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
国外发行:中国图书进出口总公司
印刷:新疆日报社印务中心
邮编:830001　定价:6.00 元
CHINA NATIONAL PUBLICATIONS
IMPORT & EXPORT(GROUP)CORPORATION
16Gongti E.Road,Chaoyang District,P.O.Box88,Beijing 100020,PR China
E—Mail:exprt@cnpiec.com.cn or library@cnpiec.com.cn
Fax:0086-10-6563069 Tel:0086-65856781 0086-10-65004552

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
نەشر قىلغۇچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر، 14 - قەۋەت
Tel: 0991- 4554017 Fax:0991-4559756
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65- 1130/I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58　باھاسى: 6.00 يۈەن
پوچتا نومۇرى: 830001
E-mail: mirasuyghur@126. com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:1130BM
ئېلان ئىجازەتنامە نومۇرى:6500006000040